ماخمۇت سامى كانباش

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل
# ئەخلاقى ھەققىدە ھېكايىلەر

باشاق نەشرىياتى

**نەشرگە تەييارلىغۇچى:**
ماخمۇت سامى كانباش

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**
ئا. ئوغۇز

**گرافىك لايىھىلىگۈچى:**
مۇستاپا قايان

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**
yamgur5@gmail.com

## مۇندەرىجە


بەرىكەتلىك بوۋاق ......... 4
ھەركىشى بىر ئۇچىدىن تۇتسۇن ......... 8
سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ......... 14
پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر ......... 18
قەلبى مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان ......... 24
پەرىشتىلەر سېنى تىڭشاۋاتاتتى ......... 28
ۋەتىنىنى قوغدىغان باتۇر ......... 32
سۈت قاچىسى ......... 36
قىزىم بولغان تەقدىردىمۇ ......... 40
جابىرنىڭ ئۆيىگە مەرھەمەت ......... 44
ئۆزىنىڭ يېنىدا بولمىسىمۇ ......... 48
ئۇلارنى قايتىدىن كۆلدۈرگىن ......... 52
تەلەيلىك بالا ......... 56
ساھابىلىرىم ئانچە كېسەل بولمايدۇ ......... 60
بىر نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى ......... 64
مېنى قۇتقۇزۇڭلار ......... 68
ھەر ياخشىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ......... 72

# بەرىكەتلىك بوۋاي

ئاچارچىلىق باشلىنىپ، مەككە شەھىرىگە بىر تامچە يامغۇر ياغمىغىلى بىر قانچە ئاي بولدى. زىرائەتلەر قۇرۇشقا، يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە، يەرلەرمۇ قۇرۇپ يېرىلىشقا باشلىدى. چارۋا ماللارنىڭ ھالى بولسا تېخىمۇ خاراپتى. ئىنسانلار ئىچىدىغان سۇ تاپالماي قاغجىراپ كەتكەن ئىدى. كۈننىڭ ھەر قانداق بىر ۋاقتىدا، كۆك ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇت كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن ئاسمانغا قاراۋاتقان مەككىلىكلەرنى ئۈچرىتىش مۇمكىن ئىدى. كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى، ھەتتا بىر تال يوپۇرماقمۇ قىمىرلاپ قويمايتتى. كۈندىن-كۈنگە قەھەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، مەككە خەلقى ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان ئىدى.

مەككە خەلقى چارىسىز ئىدى. نېمە قىلىشنى ۋە كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى بىلمەيتتى. قۇرغاقچىلىق مۇشۇنداق داۋام لىشىدىغان بولسا كىچىك باللار ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ قۇرغاقچىلىققا چارە-تەدبىر كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىپ يۈز-ئابروي، نام-شۆھرەت ۋە باشقا جەھەتلەردە مەككە خەلقىنىڭ ئەڭ باشتا كەلگەن نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئەرەپ يېرىم ئارىلى ۋە قوشنا شەھەرلەردە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنى مەككە خەلقى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خەلقنىڭ ھەر-تۈرلۈك ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم قىلاتتى.



ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى. ئابدۇلمۇتتەللىپ ئۆيىگە كەلگەن خەلقنىڭ دەردىنى سوكۇت ئىچىدە ئاڭلىدى ۋە چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بىر ئازدىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مۇنداق دېدى:

«ھەممىمىز بىرلىكتە رەببىمىزگە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى، پۈتكۈل مەككە خەلقىگە خەۋەر قىلىنسۇن! ئەتە قۇياش كۆتۈرۈلۈپ تاغنىڭ چوقىسىغا كەلگەن چاغدا، ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقىپ يامغۇر دۇئاسى قىلىمىز.»

ئەتىسى مەككە خەلقى چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش دېمەستىن ھەممىسى ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقتى. ئابدۇلمۇتتەللىپمۇ سۆيۈملۈك



نەۋرىسنى بىللە ئېلىپ كەلدى. خالايىق يىغىلغاندىن كېيىن ئابدۇلمۇتتەللىپ ئاسمانغا قارىدى، ئاسمان كۆپ-كۆك ئىدى. قۇياش نۇرى ئوتتەك ھارارىتى بىلەن يەر يۈزىنى قىزدۇرىۋەتكەن ئىدى. چاڭقاپ يېرىلغان يەرلەر، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىڭراۋاتقان كىچىك باللار، بىر ياندىن بەللىرى مۈكچەيگەن ئاياللارنى كۆردى. كېيىن يۈزىنى كەبە تەرەپكە بۇرىدى، كىچىك نەۋرىسنى قۇچاقلاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئەي پەرۋەردىگارىمىز! بۇ باللىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىزگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!» دەپ ئىچ-ئىچىدىن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسماندا كىچىككىنە بىر بۇلۇت پەيدا بولدى. بۇ بۇلۇت مەككە ئاسمىنىغا يېقىنلاشقانسېرى ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپ، ئارقىسىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بالىلار كوچىلارغا چىقىپ، يامغۇرغا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇياق ـ بۇياققا يۈگرەپ ئوينىدى. يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىق كۆز ـ ياشلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. سۇغا تەشنا توپراقلار سۇغا قاندى. قۇشلار مەمنۇنلۇق بىلەن سايراشقا باشلىدى، مەككە قايتىدىن جانلاندى.

ئابدۇلمۇتتەلىپ نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، خۇشاللىق كۆز ياشلىرى بىلەن دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىغا قارىدى، بۇ يامغۇرنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ياغقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا بىر ئادەم بولىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى.

ئاللاھ بىر قانچە يىلدىن كېيىن بۇ بەرىكەتلىك بوۋاقنى تاللاپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، بۇ بوۋاق دۇنيانىڭ يېگىدىن بەخت ـ سائادەت ۋە ھۇزۇر بۇلىقىغا چۆمۈلىشىگە سەۋەب بولدى. بىراق چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ بەخت ـ سائادەتكە تولغان بۇ كۈنلەرگە يېتىشەلمىدى.


# ھەر كىشى بىر ئۇچىدىن تۇتسۇن

قورۇدا ھېچكىم يوق، ئۆينىڭ ئىچى قاپ ـ قاراڭغۇ ۋە تىمتاس جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. شامالنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازلىرى دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىپ ئۆينى بىر ئالغان ئىدى. ئاسماندىكى چاقماقنىڭ يالت ـ يۇلت چېقىشلىرى مەككە تاغلىرىنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى. مەككە شەھرى خۇددى بىر توپان بالاسىنىڭ ئىچىدە قالغاندەكمۇ قىلاتتى.

ئەبۇ ئۇمەييە ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ياغقان يامغۇردىن ھاسىل بولغان سۇلار سەل بولۇپ ئېقىپ، كوچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەسنادا بىر سادا ئاڭلىغاندەك بولدى، ئۇ سادا كەبە تەرەپتىن كەلگەن ئىدى. كەبىدىن كەلگەن ئۇ سادا ئۇمەييەنىڭ ئىچىگە بىر ئەنسىزچىلىك سالدى. كەبىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئىگەللەپ كېلىشنى نىيەت قىلدى. بىراق يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان بۇ قاتتىق شامال دەستىدىن سىرتقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامالسىز تاڭ ئېتىشىنى كۈتتى.

ئەتىسى يامغۇر توختىدى. ئەبۇ ئۇمەييە كۈن چىقماستىنلا كەبە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مۇبارەك ماكاننى كۆرۈپلا چىرايى ئۆزگەردى، چۈنكى كەبە تاملىرى يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى، تېزدىن رېمۇنت قىلىنمىسا بولمايتتى.

دەرھال مەككە ۋە ئەتراپىدىكى قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن نۇپۇزلۇق كىشىلەرنى چاقىردى. قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن كەبىنى رېمۇنت قىلىش قارار قىلىندى. بىر قانچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن كېرەكلىك نەرسىلەر تەييارلىنىپ، رېمۇنت قىلىش ئىشلىرى



قەبىلىلەرگە تەقسىم قىلىندى. ھەر قەبىلە ئۆزىگە ئايرىلغان يەرنى رېمونت قىلىشنى لازىم ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كەبىنىڭ رېمونت ئىشلىرى ئاخىرلاشتى. لېكىن مۇھىم بىر ئىش قالدى، ئۇ بولسىمۇ ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)نى كەبىنىڭ ئىچىدىكى ئورنىغا قويۇش ئىدى. پەقەت بىرلا تاش بار ۋە بۇ تاشنى بىر كىشى ئورنىغا قويالايتتى. ئۇنداق بولسا بۇ مۇبارەك تاشنى كىم قولىدا كۆتىرىپ ئورنىغا قويار؟ بۇ شان-شەرەپ كىمگە نېسىپ بولار؟

بۇ مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىدى. ھەممە ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلىدە بىر ئىلگىرلەش بولمىدى. جىمجىتلىق

داۋام قىلغانسېرى قەبىلىلەر ئىچىدە قىزغىنلىش، ھەسەتخورلۇق باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ سەۋەپتىن تەكرار يىغىلىش قارار قىلىندى. پۈتۈن قەبىلە باشلىقلىرى بىر ئارىغا جەم بولۇپ چەمبەر ھاسىل قىلدى.

ئەبۇ ئۇمەييە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەي ئەرەپلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر باشلىقلىرى! پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن زور بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلىدۇق. پۈتۈن دۇنيا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدىغان بۇ مۇقەددەس ماكاننى بىنا قىلىش شان-شەرىپى بىزگە نېسىپ بولدى. قانچىلىك پەخىرلەنسەك ئازلىق قىلىدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ بۇ غەيرىتىمىز ئىنسانىيەت مەۋجۇد بولغىچە تىللاردا داستان بولغاي. ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)نى يەرلەشتۈرۈش مەسىلىسگە كەلسەك...

ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان قۇرۇق يىلىز، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشى ئاستا يۆتىلەپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە ئوتتۇرىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

- شۇنداق، ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)نى يەرلەشتۈرۈش مەسىلىسگە كەلسەك، ئۇنى پەقەت مەنلا يەرلەشتۈرۈشكە لايىق.

باشقا بىرسى مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

- ياق! بۇ شان-شەرەپ پەقەت ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا لايىقتۇر. - دېدى.

ئۇزۇن بويلۇق بىر كىشى خەنجىرىگە قول ئۇزىتىپ:

- سىلەر كۆپ تالاشتىڭلار. ئەسلى لايىق بولغان قەبىلە بىز، ئەسىرلەر بويى بۇ مۇقەددەس ماكانغا خىزمەت قىلىپ كەلدۇق. ۋاقتى كەلسە بۇ مۇقەددەس تاش ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز.

ھېچ كىمنىڭ جېنىغا زىيان-زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دېسەڭلار، بۇ ئىشنى بىزگە قويۇپ بېرىڭلار. – دېدى.

يۈزى قارامتۇل كەلگەن بىر كىشى ئوتتۇرىغا ئوقتەك ئېتىلىپ:

– بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭلار. – دەپ قىلىچىغا قول ئۇزاتتى. ئەتراپنى غولغۇلا قاپلاپ كەتتى.

دەل بۇ ئەسنادا بىر ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋاز ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ ئاۋازى ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئەبۇ ئۇمەييە ئالدىرىماي ئېنىق سۆزلىدى:

– توختاڭلار، سىلەرگە بىر تەكلىپىم بار! كېلىڭلار، بىر ھاكىم سايلايلى. ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ قويسۇن. ھەممەيلەن ئۇنىڭ بەرگەن قارارىغا رازى بولسۇن.


غولغۇلىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بۇ قارار ھەممەيلەنگە خوش ياقتى. لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا يەنە باش چايقاش باشلاندى. يۈزى قارامتۇل كەلگەن كىشى:

– كىمنى ھاكىم قىلىپ تاللايمىز؟ بىر-بىرىمىزگە بۇ قەدەر دۈشمەن تۇرساق، بىزنى كىممۇ ياراشتۇرۇپ قويالىسۇن؟ – دېدى.

ئەبۇ ئۇمەييە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپەتتە:

– ئەتە ئەتىگەندە كەبىنىڭ يېنىغا بارايلى. سەفا تېغى تەرىپىدىن كەلگەن بىرىنچى كىشىنى كېلىشتۈرگۈچى قىلىپ سايلايلى. – دېدى.

بۇ تەكلىپ كۆپىنچە كىشىلەرگە خوش ياقمىدى. چۈنكى تاڭ سەھەردە كىمنىڭ كېلىشى ئېنىق ئەمەس ۋە كەلگەن ئادەم تەرەپبازلىق قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي ئامال يوق ئىدى.



ئەتىسى پۈتۈن كۆزلەر سەفا تېغىغا قادالدى. ئەجىبا ئەڭ باشتا كىم كېلەر؟ يىراقتىن بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. ئۇ كۆلەڭگە غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى كىشىلەر ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا بىرەيلەن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «قاراڭلار! قاراڭلار! مانا مۇھەممەدۇل ئەمىن (راستچىل مۇھەممەد) كېلىۋاتىدۇ» دېدى. باشقىلارمۇ: «ئىشەنچلىك بىر كىشى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

كۆپچىلىك خۇشاللىققا چۆمدى. ھېچ ساقلىماستىن مەسىلىنى ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئاڭلاتتى. بۇ ئىشنى ھەل قىلالمىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىگە ھاكىم بولۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چېھرىسىدە بىر تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، بەسىرەت ئابىدەسى (قەلب كۆزى ئوچۇق) بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى ئاسانلا ھەل قىلدى. باشتا ھەر قەبىلىدىن بىر ۋەكىل چىقىرىشنى بۇيرىدى. ئاندىن كېيىن ئۈستىدىكى يەكتەكنى (تون شەكلىدىكى چاپان) كەبىنىڭ يېنىدىكى يەرگە سالدى. ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن يەكتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

- ھەر قەبىلە رەئىسى يەكتەكنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتسۇن.

- دېدى. ھەممەيلەن مەسىلىنىڭ ھەل بولغانلىقىنى چۈشەندى. ھەجەرۇل ئەسۋەد ھەممەيلەننىڭ رازىمەنلىكى بىلەن ئورنىغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. قەبىلە ۋەكىللىرى يەكتەكنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتتى. يەكتەكنىڭ ئىچىدىكى مۇبارەك تاش كۆكسىگە قەدەر كۆتۈرۈلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاپاننىڭ ئىچىدىكى مۇبارەك تاشنى ئاستا ئېلىپ ئورنىغا يەرلەشتۈردى. مەسىلە بۇ شەكىلدە ھەل قىلىنغان بولدى.

ئەبۇ ئۇمەييە چوڭقۇر نەپەس ئالدى. بىر قانچە كۈندىن بېرى ئىچىدىن چىقالمىغان بۇ مەسىلىنىڭ بۇنچىلىك ئاسان ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىدى. ئۆز-ئۆزىگە: «مۇھەممەد ھەقىقەتەن راستچىل بىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر ئۇلۇغ داھىيدۇر» دېدى.

ئالەملەرنىڭ خوجىسى تەڭداشسىز ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، قەبىلىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

# سىنى كىم قوغدىدۇ؟

ئەڭ ياخشى كۆرگەن دوستىمۇ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلىمايتتى ۋە ئۇنىڭدەك ئىشەنمەيتتى. ھالبۇكى، ھازىرغىچە گۈش بىلەن ياغدەك ئۆتۈۋاتقان ئىدى. يېگىنى، ئىچكىنى بىر ئىدى، ھەرگىز ئايرىمايتتى. قېرىنداشلىقتىن ھالقىپ كەتكەن دوستلۇقى بار ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ھەر ئىككى دوستنىڭ بىر-بىرىگە بولغان يېقىنلىقىنى كۆپىنچە مەككىلىكلەر ھەۋەس بىلەن ھېكايە قىلاتتى. ھەر ئىككى بۇرادەرنىڭ دوستلىقى مەككە شەھرىدە تىللاردا داستان بولۇپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرەتتى.

دەسۇر ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىچىدىكى بىئاراملىق بېسقمايۋاتاتتى. قولىدىكى قەدەھنى كۈچەپ يەرگە ئاتتى: «ھەممىسى مۇھەممەدنىڭ كاساپىتى!» دەپ توۋلىدى. ئۇ كەلمىگەن بولسا، بىز ئايرىلمىغان بولاتتۇق. ئەڭ ياخشى كۆرگەن دوستۇم ھازىر ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم بولدى. مۇھەممەد ئۇنىمۇ سېھىرلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشىنى توختىتىشقا بىر چارە تېپىشىم كېرەك. بولمىسا پۈتۈن دوستلىرىمدىن بىر-بىرلەپ ئايرىلىپ قالىمەن!» دەپ مۇشتىنى تامغا غەزەپ بىلەن ئۇردى. قىلىچىنى قېنىغا سېلىپ غەزەپ-نەپرەت ئىچىدە سىرتقا قاراپ چىقتى.

دەسۇر كۈچ-قۇۋۋەتلىك بىر پالۋان ئىدى. قولى تۇتقان نەرسىنى يۇلۇپ ئالالايتتى. ئىنسانىنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك سۈرلۈك بىر قىياپىتى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلدى. بۇ مەقسەتتە



كىچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماستىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىزىغا چۈشتى. بىر يىرتقۇچ هايۋانغا ئوخشاش هەر زامان ئۇنى كۆزەتتى. ئۇ يالغۇز قالغان ۋاقتتا بىر بۇلۇڭغا قىستاپ جېنىغا قەست قىلماقچى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ ياتقان ئىدى. يېنىدا هېچكىم يوقتى، دەسۇرغا ئاخىرى بىر پۇرسەت كەلدى. قۇۋلۇق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. قىلىچىنى سۇغۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشىدا تەگلەپ قاراپ تۇردى. ئو ۋاقتتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۆزىنى ئاچتى. دەسۇر مەغرۇر قىياپەتتە:

ـ ئەمدى سېنى مېنىڭ قولۇمدىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ـ دەپ مەسخىرە ئارىلاش ھىجايدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز غايەت تەمكىن ۋە سوغۇققانلىق بىلەن:



ـ مېنى ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ. ـ دېدى.

دەسۇر بىردىنلا كەينىگە چېكىندى. خۇددى كۆكسىگە بىرى ئۇرۇپ ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۆزى بىر ياققا قىلىچى بىر ياققا چۈشتى. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە چۈشكەن قىلىچنى ئالدى. يەردە ياتقان دەسۇرنىڭ بېشىغا قىلىچنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

ـ ئەمدى سېنى مېنىڭ قولۇمدىن كىم قۇتقۇزىدۇ ؟ ـ دېدى.

دەسۇر تۇرۇپلا قالدى. نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماستىنلا پەشۋا يىگەندەك ئىدى. چۈنكى بىر ئاز بۇرۇن ئۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ

تۇتۇپ تۇراتتى. دەسۇرنىڭ ئاۋازى قىسلىپ تىترىدى. پىشانىسىدىن سوغۇق تەر ئېقىشقا باشلىدى. كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىدى. كېكەچلەپ تۇرۇپ:

- مېنى سەندىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ يا مۇھەممەد. - دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز دەسۇرغا قول تەككۈزۈشكە كۆڭلى يار بەرمەي ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ: «تۇر ئورنىڭدىن، ئۆيۈڭگە كەت!» دەپ قويۇپ بەردى. ھالبۇكى، دەسۇرنى ئۇ ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈشكە پەيغەمبەرنىڭ كۈچى يېتەتتى ۋە ئەسھابىلەرگە بۇيرۇپ ئۇنى جازالىيالايتتى. ئەمما سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى.

دەسۇر پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېھرى-شەپقەتكە تولغان بۇ مۇئامىلىسىدىن كۆپ تەسىرلەندى. كەلگەن يېرىگە تەكرار قايتمىدى. خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ قېتىم ئىلگىرى ئۆزى دۈشمەن كۆرىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايىقىغا كېلىپ باش قويۇپ: «مەن سىزگە ئىمان ئېيتىمەن. سىز ھەقىقەتەن بۇ ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەڭ گۈزەل پەيغەمبەرسىز. مېنىمۇ ئاراڭلارغا قوشۇۋالغان بولساڭلار» دېگەندىن كېيىن كەلىمە شاھادەت ئېيتتى.

# پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر

سەللامنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. چۈنكى ئەرزان باھادا ئالغان مالنى نەچچە ھەسسە پايدىسىغا ساتقان ئىدى. ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلەن قوللىرىنى ئۇگىلاپ تۇرۇپ ھەميانىنى چىقاردى. پۇللىرىنى قايتا ـ قايتا ساناپ: «تىجارەتتە بىز يەھۇدىلارنىڭ ئالدىغا كىم ئۆتەلەيدۇ؟» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

سەللامنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى يان تەرەپتىكى دۇكان قوشنىسى ئەھتەبنىڭ دىققىتىنى تارتتى. قولىدىكى بۇغداي تاغىرىنى قويۇپ سەللامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ سەللام نېمە خۇشاللىق بۇ! قىزىل دېڭىزدىن ئالتۇن خەزىنىسى تېپىۋالدىڭمۇ ـ يا؟ ـ دەپ سورىدى.

سەللام:

ـ شۇنداق تېپىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەھتەب قېرىندىشىم. مەدىنە بازىرىدا ھېچكىم مېنىڭ بۈگۈن ئالغان پايدامنى بىر ھەپتىدە تاپالمايدۇ. بۇنىڭغا مەن خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئەھتەب:

ـ كاشكى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش خۇشال بولغان بولسام؟!

سەللام:

ـ نېمە بولدى؟ سېنىڭ بىرەر قىيىنچىلىقىڭ بارمۇ؟

ئەھتەب:



ـ ھەممىسى شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى... ئۇلار مەدىنىگە كەلمەستىن بۇرۇن، مەدىنىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادى كۆچى بىزنىڭ قولىمىزدا ئىدى، ھازىر بولسا ئۇلارمۇ مەدىنە بازىرىغا كىرىشكە باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىمتىيازىمىز ۋە تىجارىتىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن...

سەللام قاقاھلاپ كۈلگەچ قوللىرىنى ئەھتەبنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

ـ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاچلىق ۋە يوقسۇللۇق دەستىدىن دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتسا، سېنىڭ ئويلىغان ئىشىڭنى قارا! ئۇلار يوقسۇل ۋە نامرات ئىنسانلار. پۇلغا، يەنى بىزگە ھەر ۋاقىت ئېھتىياجلىرى بار...

بۇنى ئاڭلىغان ئەھتەب:

ـ ناھايىتى توغرا سۆزلىدىڭ. بىر قانچە كۈن بۇرۇن مۇھەممەد دۇكىنىمدىن بىر نەرسە ئالغان ئىدى. پۇلى يەتمەي نىسگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

سەللامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئەھتەبنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە:

ـ توۋا، دوستۇم توۋا! مۇسۇلمانلارغا نىسگە مال سېتىلامدۇ؟ مۇھەممەد بۇ قەدەر قىيىنچىلىقنىڭ ئىچىدە تۇرسا قەرزىنى قانداق قايتۇرىدۇ؟ سەن ئەتە ئەتىگەندىلا مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇلۇڭنى بېرىشنى تەلەپ قىل. ـ دېدى.

ئەھتەب:

ـ بىراق، قەرزنىڭ مۇددىتى توشمىغان تۇرسا...

سەللام:

ـ مەيلى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى قەرزىنى قايتۇرۇشقا قىستا. ئۇنداق قىلمىساڭ پۇلۇڭنى ئالالمايسەن. كېيىن مېنى دېمىدى دېمە. ـ دېدى.

ئەسلىدە ئەھتەب ئاللاھ ئەلچىسىنى يۇشۇرۇن ماراپ يۈرەتتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ـ ئەخلاقىنى كۆرگەن ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ راستىنلا تەۋراتتا خەۋەر بېرىلگەن ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنەلمىگەن ئىدى. تەۋراتتا كېلىشى خەۋەر بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكىنىڭ سىرتىدا سەۋر ـ تاقەتلىك، ئېغىر ـ بېسىق ۋە چىداملىق ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىدى.

ئەجىبا مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي بىر ئىنسانمىدۇ؟ مۇددىتى توشمىغان قەرزنى سوپلەپ ئۇنى سىنىماقچى بولدى. بەلكى بۇ ئەھتەب ئۇچۇن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ تەۋراتتا خەۋەر بېرىلگەن پەيغەمبەر ياكى پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۇچۇن بىر پۇرسەت بولسا كېرەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەھتەب تىز-تىز قەدەم ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا كۈتىۋاتقان ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئەسھابى كىرامغا پىسەنت قىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ:

- ھەي مۇھەممەد! سىرتقا چىق. مەندىن ئالغان قەرزىڭنى دەرھال قايتۇر. - دېدى.

ئەھتەبنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز غەزەپلىنىپ تۇرغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئەھتەبنىڭ يېنىغا كەلدى. سەممىي ئىپادە بىلەن:

- شۇنداق، ساڭا قەرزىم بار. ئەمما قەرزىڭنىڭ مۇددىتى تېخى توشمىدى. مۇددىتى توشقاندا ساڭا چوقۇم قايتۇرىمەن. - دېدى.

ئەھتەب ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئېگىز-پەس سۆزلەپ:

- سىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق كىشىلەر. قەرزىڭلارنى داۋاملىق كېچىكتۈرىسىلەر. بۇنىڭدىن كېيىن قەرز بەرمەيمەن ۋە مالمۇ ساتمايمەن. - دېدى.

جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئەھتەبنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن سۆزلىگەنلىكىگە ھەزرىتى ئۆمەر چىداپ تۇرالماي:



ـ ئەي ئەھتەب، ھەددىڭنى بىل! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدە بولماي باشقا يەردە بولغان بولساق، كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالغان بولاتتىم. ـ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پارتىلىغان يانار تاغدەك ئەھتەبنىڭ يېنىغا كېلىشى ئۇنى قورقۇتقان ئىدى. مۇشۇ يەردىلا تاياق يېيىشىنى ئويلاپ قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى. تەلىيىگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئۆمەرنى بېسىقتۇرۇپ:

ـ ئەي ئۆمەر! ئاللاھ سېنى ئامان ـ ئېسەن قىلسۇن. بىز سەندىن سىلىق مۇئامىلە قىلىشنى، مەندىن قەرزىمنى چىرايلىقچە قايتۇرۇشىمنى،

ئەھتەبتىن قەرز تەلەپ قىلغاندا سىلىق ۋە نازۇك بولۇشنى، قەرزنىڭ مۇددىتى توشقاندا ئېلىشنى تەلەپ قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرگەن ئەھتەب ھەيران قالدى. چۈنكى بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز ھەقلىق ۋەزىيەتتە ئىدى. قەرزنىڭ مۇددىتى تېخى توشمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز ئۆيىدە ھاقارەتكە ئۇچراۋاتقان ئىدى. خالىغان بولسا ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويغان بولاتتى. بىراق رەھىم ـ شەپقەت نەمۇنىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى قىلمىدى.

نەتىجىدە ئەھتەبنىڭ ھىس ـ تۇيغۇلىرى ئۆزگەردى. ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ تاشتەك يۈرىكىنى يۇمشاتتى. تەۋراتتا بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئىكەنلىكىگە تولۇق قانائەتلەندى. ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن دەرھال مۇسۇلمان بولدى.

# قەلبى مېھرى-مۇھەببەتكە تولدى

پەيغەمبەر مەسجىدىدە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئىنسانىي ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر كەيپىيات بار ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرگە سەۋر-تاقەت، مېھرى-مۇھەببەت ۋە رەھىم-شەپقەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئەسنادا مەسجىدكە بىر يوقسۇل كىشى كىرىپ كەلدى.

ئۇ بۇرۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرتىلىكىنى كۆپ كىشىلەردىن ئاڭلىغان ئىدى. ئۆزى ئۇچۇن مۇ شۇنداق مەرتىلىكنىڭ قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق بىر چىراي بىلەن يوقسۇل ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدى. ئارقىسىدىنلا: «تارتىنما، بىرەر ئارزۇ-تەلىۋىڭ بولسا ئېيتقىن» دېدى.

يوقسۇل ئادەمنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر سوئالنى كۈتۈپ: «ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن نامرات بىر كىشىمەن. ماڭا مال-مۈلكۈڭدىن بىر ئاز بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى. ئۆز يېنىدا بولمىسا باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ بېرەتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر نەرسە سورىغانلارغا بىر نەرسە بېرىپ، كېيىن قولىغا پۇل كىرگەندە قەرزنى قايتۇراتتى. بۇ نامرات كىشىگىمۇ يېنىدا بار-يوق ھەممە نەرسىسىنى بەردى. بىراق ئۇ



ئادەمنىڭ نەزىرىدە بېرىلگەنلەر يېتەرلىك بولمىدى. بىردىنلا يۈزىدىكى ئىللىق تەبەسسۇمدىن ئەسەر قالمىدى. يوقسۇل ئادەم:

- باشقىلارغا جىق بېرىدىكەنسەن، ماڭا ناھايىتى ئاز بەردىڭ. - دەپ پەيغەمبىرىمىزنى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى.

بۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقىغا مەسجىدتىكى ساھابىلەرنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىلىق، يۇمشاق ۋە كەمتەر مۇئامىلىسىگە قارىتا يوقسۇل ئادەمنىڭ قوپال مۇئامىلە قىلىشى ساھابىلەرنى غەزەپلەندۈردى. ئۇ ئادەمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىرتقا چىقىرىۋەتمەكچى بولۇشىدى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. ساھابىلەرنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. كېيىن ئۇ ئادەمنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۆيىدە بار بولغان لازىملىق نەرسىلەردىن ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە بەرگەندىن كېيىن:



ـ هازىر ساڭىمۇ يېتەرلىك بەردىممۇ؟ مەمنۇنمۇسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

يوقسۇل ئادەمنىڭ كەيپى جايىغا كەلدى. ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـ ھەئە، ماڭىمۇ يەتكۈدەك كۆپ بەردىڭ. ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن. پەرۋەردىگارىمىز سېنى ۋە ئائىلەڭنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرسۇن. ـ دېدى.

يوقسۇل ئادەمنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا پەيغەمبىرىمىز:

ـ سەن بىر ئاز ئىلگىرى بەرگەنلىرىمنى ئاز كۆرۈپ قۇلاققا ياقمايدىغان سۆزلەرنى قىلغان ئىدىڭ. ساھابىلىرىممۇ بۇنى ئاڭلىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار ساڭا خاپا بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ

يىنىغا بارغىن. ماڭا دېگەن بۇ گۈزەل سۆزلىرىڭنى ئۆلىرىنىڭ يىنىدىمۇ ئېيتقىنكى، قەلبىدە ساڭا قارشى ئۆچمەنلىك قالمىسۇن. ــ دېدى.

يوقسۇل ئادەم قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. گەرچە ئۆزى قوپال مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قارىتا ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنى مەمنۇن قىلغاندەك باشقا ئىنسانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتاتتى. كۆڭلىدە پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا چوڭقۇر يېقىنلىق ھېس قىلدى. دەرھال ساھابىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈردى. قىلغان ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. ساھابىلەرنىڭ ئۇ ئادەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى يوقالدى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ ئايرىلدى.

يوقسۇل ئادەم باشتا پەقەت ماددى ياردەم ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. لېكىن قايتقاندا ماددى ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلدى ھەمدە قەلبىدىكى قاتتىقلىقنىڭ ئورنىنى مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت ئالدى.

قىلىنغان نازاكەت ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق ئالدىدا قەلبى يىگى بىر تىلنى بايقىدى. بۇ تىل توڭ، قوپال ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلغان مۇھەببەت، مەرھەمەت ۋە نازاكەت تىلى ئىدى.

# پەرىشتىلەر سېنى تىڭشاۋاتاتتى

كۆك ئاسمان نېمە دېگەن كەڭرى ۋە نېمە دېگەن پارلاق! خۇددى چەكسىز بىر ئالەم ... چوڭ-كىچىك مىڭلارچە، بەلكى مىلىيونلارچە يۇلتۇز بار ئاسمان يۈزىدە. خۇددى بىر-بىرىگە شۇنداق يېقىن. ئەمما ھېچبىرى بىر-بىرىگە تېگىشمەيدۇ. قايسىسى بەك پارلاق ۋە قايسىسىنىڭ نۇرى تۆگىگەندەك. ئەنە شۇ بىز ئۈستىدە ياشاۋاتقان يەر شارى بۈيۈك كائىناتنىڭ ئىچىدە گوياكى بىر زەررە ... ئۇمۇ خۇددى بۇ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئالەم بوشلۇقىدا ئۈزىدۇ. ھېچ قايماستىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ سۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ قەدەر ھەرىكەت نېمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن؟

ئۇسەيد يېنىدا تۇرغان ئاتىنىڭ تۇيۇقسىز كىشنىشى بىلەن تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالدى. ئەجىبا بىرەيلەن كېلىۋاتامدۇ دەپ يولغا قارىدى. لېكىن ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەنە قايتا تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر زېھنىنى يىغالمايۋاتاتتى. باياتىن بېرى زېھنىدە ھاسىل بولغان ئۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ھېس-تۇيغۇ قالغان بولۇپ، ئۇنى ئۇنۇتالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كائىناتنىڭ يارىتىلىش سىرىغا يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلدى.

ئۇسەيد قاچانكى مۇشۇنداق بىر ھېس-تۇيغۇغا كەلسە، دەرھال ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك كىتاب قۇرئانى-كەرىمنى قولىغا ئالاتتى. ئۇسەيد ئورنىدىن تۇردى. ئىگىز بىر يەردە تۇرغان قۇرئانى-كەرىمنى ئالدى.



باشتا سۆيۈپ يۈزىگە سۈردى. كېيىن بەتلىرىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. ئاسمان يۈزىدە خۇددى پەنەردەك ئىسسىقلىق تۇرغان تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا قۇرئانى ـ كەرىم ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇسەيدنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى دولقۇنلاپ جۇش ئۇرۇپ، ئاسمانغا ئۆرلىدى. كائىنات تىمتاس بىر جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. ھېچبىر شەپە يوق، تاش ـ چالما، دەل ـ دەرەخ ۋە قۇرۇت ـ قوڭغۇزلار... خۇددى ھەممەيلەن يېقىملىق ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئانى ـ كەرىمنى ئىڭشاۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇسەيدنىڭ ئېتى بىردىنلا ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۈركۈشكە باشلىدى. ئۇسەيد قورقتى. دەرھال ئوقۇشنى توختاتتى. ئۇسەيد ئوڭ ـ سولغا قارىدى، ئاتنى ئۈركۈتكەن نەرسە



نىمتى ئەجىبا! ئەتراپتا بىر كىممۇ يوق ئىدى. ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تېخىمۇ چىڭ باغلىدى...

قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ سەھىپىلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بىر ئاز ئوقۇغان ئىدى، ئات يەنە خۇيلىنىشقا باشلىدى. ئۇسەيد ئوقۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئاتىنىڭ دەردى نېمە؟ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ نېمىشقا تەرسالىشىدىغاندۇ؟ ئۇ ئەسنادا ئىختىيارسىز ئاسمانغا قارىدى. تۇۋا خۇدايىم! ئۇ نىمە؟ ئىچىدە يالت ـ يۇلت چاقناپ تۇرىدىغان پەنەرلەر بىلەن پۈركەنگەن بىر بۇلۇت ئاسمانغا ئۆرلەپ ئاستا ـ ئاستا يوق بولىۋاتاتتى. ئۇسەيدكە بىر تىترەك كەلدى، يۈرىكى گۈپ ـ گۈپ سوقۇشقا باشلىدى. كۆرگەنلىرىگە

ئشىنەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىمۇ ئاسماندا ئىدى، ياكى بولمىسا بۇ بىر خىيالمىدى؟

تاڭ ئاتقاندا ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردى. كىچە بولغان ئىشلارنى يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە باياب قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ھاياجانلىنىپ قۇرئان-كەرىمنى ئوقۇشتىن مەجبۇر توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇسەيدكە كۈلۈمسىرەپ:

«ھەي ئۇسەيد، ھەي!» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «قۇرئانى-كەرىم ئوقۇشنى نېمىشقا توختاتقانسەن؟ سەن كۆرگەن ئۇ نەرسىلەر بولسا سەن ئوقۇغان قۇرئانى-كەرىمنى تىڭشىغىلى كەلگەن پەرىشتىلەر ئىدى. ئەگەر قۇرئان-كەرىمنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولساڭ ئۇلار سېنى تىڭشايتتى، تاڭ ئاتقاندا ئۇلارنى ھەممە ئادەم كۆرەلىگەن بولاتتى...» دېدى.


ئۇسەيد خۇشاللىقىدىن يىغلىغۇدەك بولۇپ: «دېمەك ئۇلار مەن ئوقۇغان قۇرئانى-كەرىمنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىلەر ئىكەندە، شۇنداقمۇ؟» دېدى. ئىچى ھۇزۇرغا تولدى. پەرىشتىلەرنى قايتا كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئەتىسى كېچىچە بۇلبۇلدەك سايراپ سائەتلەپ قۇرئانى-كەرىم ئوقۇدى. ئەمما پەرىشتىلەردىن ھېچبىر شەپە يوق ئىدى. ئەتىسى كېچە يەنە قۇرئانى-كەرىم ئوقۇدى. كېچىلەر، ئايلار ۋە يىللار بۇ شەكىلدە ئۆتتى. ئۇسەيد يىللار بۇرۇن كۆرگەن پەرىشتىلەرنى ھېچبىر زامان كۆرەلمىدى. ئەمما قاچانكى قۇرئانى-كەرىمنى ئوقۇسا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەر دائىم يېنىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

# ۋەتىننى قوغدىغان باتۇر

كۆزلىرى ئالاق-جالاق ئىككى دۈشمەن ئەسكىرى ئىشكلەرنى سۇندۇرۇپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۆيدىكىلەرنىڭ دات-پەريادلىرى يىراقلارغا ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ ھېچكىم ياردەمگە كەلمەيۋاتاتتى، ئەسكەرلەر ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى بۇلاپ-تالىغاندىن كېيىن ئانىسىنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

سەمۇرە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا چىپ-چىپ تەر ئىچىدە ئىدى. نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ يۈرىكى گۈپ-گۈپ سوقۇۋاتاتتى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسى ياتقان ھوجرىغا كىردى. ئانىسىنىڭ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. نەپەس ۋە يۈرەك سوقۇشىمۇ نورماللاشتى. تەكرار ئۇخلاش ئۈچۈن كارۋاتتا ياتتى. لېكىن ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى. قورقۇنچلۇق چۈشىنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىدى. يۈرىكى يەنىلا ئېتىلىپ چىققۇدەك سوقۇۋاتاتتى. ياتقان يېرىدىن ئۆرۈلدى. بېشىنى قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوي-خىياللارغا چۆكتى.

ئەتە مەدىنىدە چوڭ بىر جەڭ بولاتتى. ئۈچ مىڭ كىشىگە يېقىن دۈشمەن ئەسكىرى مەدىنىگە خېلىلا يېقىنلاپ قالغان ئىدى. بۇ خەۋەرنى مەدىنىدە ئاڭلىمىغان كىشى قالمىدى. بولۇپمۇ مەدىنىنى خانىۋەيران قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقى بىر قانچە كۈندىن بىرى ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزىدا ئېقىپ يۈرەتتى. سەمۇرە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىدىكى خىش تامغا غەمكىنلىك بىلەن قارىدى، ۋەتىنى دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنسا ياكى ئائىلىسىگە خەۋپ-خەتەر يېتىپ



قالسا... «ياق، ياق!» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشىنىمۇ خالىمايتتى. ئۆز-ئۆزىگە «بۇ جەڭگە مەنمۇ قاتنىشىشىم كېرەك، مەنمۇ قەھرىمانلارچە ۋەتىنىمنى قوغدىشىم كېرەك» دېدى. ئەمما ئون بەش ياشقا كىرگەن بىرىنى ئەسكەرلىككە ئالارمۇ؟

ئۇ كۈنى شەنبە كۈنى ئىدى. كۆك ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار قاتتىق جەڭ بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىۋاتاتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسىنى كىيىپ قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتتى. مىڭغا يېقىن ئىسلام ئەسكىرى جەڭگە تەييار ھالەتتە كۈتىۋاتاتتى. سەمۇرەمۇ دادىسى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇنىڭ قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان بار

ئىدى. دەل بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشى تېخى كىچىك بالىلارنى مەدىنىگە قايتىشقا بۇيرۇۋاتقانلىقى سەمۇرەنى ئەندىشىگە سالدى، بەدىنى ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى. ئۇ مەدىنىگە قايتىشنى خالىمايتتى. ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلىشقا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەمۇرە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ بويىنى ئۇزۇن كۆرسىتىشكە ۋە مەيدىسىنى كېرىپ بەستلىك، قاۋۇل كۆرۈنۈشكە تىرىشتى. ئەپسۇسكى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. چۈنكى ئۇ تەكتۇشلىرى بىلەن مەدىنىگە قايتىشقا ئەمر قىلىندى.

سەمۇرەنىڭ كۆڭلى ھەسرەت ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن، كۆزلىرى لىق ياش بىلەن تولدى. مەگزىدىن كۆز ياشلىرى ئاققان ھالدا دادىسىغا قارىدى، يېشى كىچىك كېلىپ قالغان بولسىمۇ قايتىپ كېتىشنى ئۆزىگە پەقەتلا راۋا كۆرمىدى. ئارزۇسى مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن يانمۇ-يان تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى، كاللىسىغا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشى كەلدى، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ تۇرۇپ: «ئى دادا، پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆتۈنسەڭ، مەنمۇ جەڭگە قاتناشسام» دېگۈسى كەلدى. دەل بۇ ۋاقىتتا بىر قانچە مېتىر نېرىدا قىلىنغان گەپ-سۆزلەر ئۇنى جاسارەتلەندۈردى:

«ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رافى ئوق ئېتىشقا ماھىردۇر. ئۇ بىزگە جەڭدە ئەسقاتىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي ئۇنى قايتۇرمىسىلا»

سەمۇرە كېيىن قىلىشقان گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدى، ئەمما رافىنىڭ جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى جەزىم قىلىپ، ئۆز-ئۆزىگە «مەن رافى بىلەن تەكتۇش، ئۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان بولسا

مەنمۇ قوبۇل قىلىنىشىم كېرەك، رافى ئوق ئېتىشقا ماھىر بولسا مەنمۇ چېلىشىشقا ماھىر» دېدى. دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «جېنىم دادا! رافى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى، ھالبۇكى، ئۇ مەندىن ئاجىز. مەن رافىدىن كۈچلۈك ۋە چېلىشساق مەن يېڭىۋالىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي دادا، مەن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىلتىماس قىلىسىڭىز، مەن ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسام» دېدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىلتىماسنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ: «مادامىكى شۇنداق، ئۇنداقتا ئىككىسى چېلىشىپ باقسۇن» دېدى. كىشىلەر تېزلا چەمبەر شەكلىدە توپلاندى. سەمۇرە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ رافىگە ئېتىلدى، كەينى-كەينىدىن بىر قانچە قېتىم چېلىشتى، ئاخىرىدا بىر پەشۋا بىلەن ئۇنى يەڭدى.

سەمۇرەنىڭ جاسارىتىنى كۆرگەن شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭمۇ جەڭگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. سەمۇرەنىڭ بۇ خۇشاللىقى تەسۋىرلىگۈسىز ئىدى. ئۇ ھاياجان بىلەن رافىنى قۇچاقلىدى، قولىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ: «بۈگۈن بىر سەپتە ھەمدەمدە بولۇپ جەڭ قىلىمىز جان دوستۇم» دېدى.

ئوھۇد ئۇرۇشى كۈن پېتىشقا يېقىن ئاخىرلاشتى. دۈشمەن كەينىگە چېكىندۈرۈلدى. بۇ غەلىبىگە ئەڭ كۆپ خۇشال بولغانلارنىڭ بىرى شەك-شۈبھىسىز سەمۇرە ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆزى ئالدىدا بىر قەھرىمان بولۇپ مەدىنىگە قايتىشنىڭ ھاياجىنى ئىچىدە ئىدى.

# سۈت قاچىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە يوقسۇل ساھابە ئىدى. دۇنيادا تىكىپ قويغان بىر تال كۆچىتىمۇ يوق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەرگەن ھەدىيەلىرى بىلەن قارنىنى تويغۇزاتتى. كۆپىنچە ئاچلىقتىن قارنىغا تاش باغلايتتى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاچلىقتىن بولغان قورساق ئاغرىقىنى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلىتەتتى.

ئۇ كۈنى يەنە ئاچلىقتىن تولغىنىۋاتاتتى، يۈزى باشقا چاغدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ سارغىيىپ سولىشىپ كەتكەن ئىدى. ماغدۇرسىز ھالەتتە يەردە ئولتۇردى. پۈتۈن كۈچىنى قولىغا يىغىپ قورسىقىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. ئىلگىرى بۈگۈنكىدەك قاتتىق ئاغرىمىغان ئىدى. قورسىقىغا تاڭغان تاشلارنىڭمۇ پايدىسى بولمايۋاتاتتى. ئاخىرى ئۆزىنى رۇستلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان يەرگە تەسلىكتە كېلىپ ئولتۇردى. بەلكى يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار ئۇنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ يەيدىغان بىرەر نەرسە بېرىشى ياكى ئۆيىگە دەۋەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

يولنىڭ بېشىدىن ئۆزىگە قاراپ ئېچىلىپ كېلىۋاتقان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى كۆردى. قۇرۇپ كەتكەن يۈزىدە ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنىشكە باشلىدى، مەرت ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتتى، ئەمما ئىش كۈتكىنىدەك بولمىدى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سالام قىلىپ شامالدەك تىز ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىن ھەزرىتى ئۆمەر كەلدى ۋە ئۇمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك سالام قىلىپلا ھال سورىماي كېتىپ قالدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. يۈزىنى ئايدىڭلاتقان

كۆلۈمسىرەش بىردىنلا يوقالدى. پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ يېقىن بولغان بۇ ئىككى ئىنسانمۇ ئۇنىڭ ھالىنى بىلەلمىسە، باشقا كىشىلەر قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە بىر قۇر نەزەر تاشلىدى. ھەشەمەتلىك سېلىنغان بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىڭ دەپ يالۋۇرغۇسى كەلدى، ئەمما بۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە ياراشتۇرالمىدى. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ تىلەمچىلىك قىلمايتتى، تىلەمچىلىك قىلماسلىقنى پەيغەمبىرىمىز جىكىلىگەن ئىدى.

ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرغان ۋاقتىتا قۇلىقىغا بىر ئاۋاز كىردى:

- يا ئەبۇ ھۇرەيرە، كەينىمدىن ماڭ!

بۇ بىر ئەمىر ۋە بۇ ئەمىرنى قىلغۇچى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يۇقالغان ئۈمىد قۇشلىرى قايتىدىن قاناتلىنىپ ئۇچۇپ كېلىپ يۈرىكىگە قوندى. قورۇپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاستاغىنە مىدىرلىتىپ: «ماقۇل، ھازىرلا كېلەي ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆيىگە كىرگەندە ئەبۇ ھۇرەيرە ئىشىك تۈۋىدە تۇردى ۋە خىجىل بولغان بىر قىياپەتتە: «كىرسەم بولامدۇ؟ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ رۇخسەت سورىدى، رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن ھويلىغا كىردى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆرى ئېگىز ئەمەستى، تارغىنە ئۆيىدە پەقەت بىر قاچا سۈت بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سۈت بار قاچىنى قولىغا ئېلىپ ئۆي ئەھلىدىن:

- بۇ سۈت قەيەردىن كەلدى ؟ - دەپ سورىدى.

ئۆيدىكىلەر:

- ئۇنى پالانى ھەدىيە قىلدى. - دېدى.

شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ھۇرەيرىگە بۇرۇلۇپ:
- ئەبۇ ھۇرەيرە! بارغىن، سۇففا ئەھلىنى بۇ يەرگە چاقىرغىن. - دېدى .

سۇففا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئۆيىنىڭ يېنىدىكى باراڭلىق بىر يەر ئىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكى يوقتى. ئۇلار ئىسلامنىڭ مېھمانلىرى ئىدى. ئاللاھ ئەلچىسىگە بىر ھەدىيە كەلگەن ۋاقىتتا ئۆزىگە ئايرىتاتتى ھەم ئۇلارغىمۇ ئەۋەتەتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۇففا ئەھلىنى چاقىرىشى ئەبۇ ھۇرەيرىگە خوش ياقمىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆز-ئۆزىگە: «ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ سۈتكە مەن ئاران تويىمەن. سۇففادا ئولتۇرغانلارنى چاقىرسام ماڭا سۈت قالمايدۇ» دېگۈسى كەلدىيۇ ئەمما دېيەلمىدى. چۈنكى ئەمىر چوڭ يەردىن كەلگەنىدى. ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە سۇففادا ئولتۇرىدىغانلارنى چاقىرىشقا كېتىۋېتىپ ئۆزىچە پىلان تۈزدى. سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەدىيە تارقاتقاندا ئوڭدىن باشلايتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە «مەنمۇ پۇرسەت تېپىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. سۇففادىكىلەرنى چاقىرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىمۇ ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچمىدى. جامائەت رۇخسەت سوراپ ئولتۇرۇشتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە بۇرۇن پىلانلىغىنىدەك تېزلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇزىتىلغان سۈت قاچىسىنى ئېلىپ ساقلىماستىنلا ئېغىزىغا ئاپىرىشقا تەمشەلدى. بىردىنلا توختاپ قالدى . چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:
- ئەبۇ ھۇرەيرە! سۈتنى مېھمانلارغا تۇتقىن. - دېگەن ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئېتىراز قىلماستىن، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كەلگەن مېھمانلارغا سۈتنى سۇنۇشقا باشلىدى. مېھمانلارنىڭ ھەر بىرى سۈتنى قولىغا ئېلىپ قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، دوستىغا بېرىۋاتاتتى. سۈت ئىچىلگەنسېرى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى سۈتتە ھەر قانداق بىر ئازىيىش بولمىدى. ئەڭ ئاخىرقىسى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە سۈتنى ئېلىپ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بەردى. پەيغەمبىرىمىز ھەيرانلىقنى يۇشۇرالمىغان ئەبۇ ھۇرەيرىگە كۈلۈمسىرەپ:

- ئەبۇ ھۇرەيرە! سۈت ئىچمىگەن ئىككىمىزلا قالدۇق. - دېدى.

ئەبۇ ھەرەيرە:

- شۇنداق! ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

- ئەبۇ ھۇرەيرە! ئولتۇرۇپ سەنمۇ ئىچكىن. - دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە سۈتنى ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئىچكەنسىرى ئىچكۈسى كەلدى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇ ھۇرەيرە ئىچىشتىن توختىدى. پەيغەمبىرىمىز: «يەنە ئازراق ئىچكىن» دېيىشىگە تەكرار ئىچىشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ھۇرەيرە ھەر توختاپ قالغاندا: «يەنە ئىچكىن، يەنە ئىچكىن» دېدى. ئەڭ ئاخىردا ئەبۇ ھۇرەيرە بولالماي:

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىغىدىغان يەر قالمىدى. - دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا سۈتنى ماڭا بەر. - دېدى ۋە «بىسمىللاھ» دەپ قېپقالغان سۈتنى ئىچتى.

# قىزىم بولغان تەقدىردىمۇ

بەنى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ ئېسىلزادە باي خېنىملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ كۆڭۈل ئېچىۋاتاتتى. چوڭ بىر زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخانلار سېلىنىپ، ناخشىچى قىزلار داپقا ماسلاشتۇرۇپ نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان ئىدى. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار تەنتەنىلىك بىر كېچە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

بۇ كۆڭۈل ئېچىش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. كەلگەن مېھمانلار قايتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئىچكىرىكى ئۆيدىن داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى:

ـ ئوغرى بار، ئوغرى! قىممەتلىك ئۈنچە ـ مارجانلىرىم ئوغرىلاندى!

دەرھال ئىشىك دەرۋازىلار ئېتىلدى. بارلىق خىزمەتچىلەر قاتار تۇرغۇزۇلدى. ئۈستى ـ بېشى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇلدى. لېكىن ئۈنچە ـ مارجان تېپىلمىدى. يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇلدى. ئەمما ھېچبىرىنىڭ يانچۇقىدىن چىقمىدى. بۇ قانداق بولغىنى؟ كۆڭۈل ئېچىش باشلىغاندىن بېرى ھېچكىم سىرتقا چىقمىغان ئىدى. ئۈنچە ـ مارجانلارنى خىزمەتچىلەر ئالمىغان بولسا، كىم ئالدى؟! كۆڭۈل ئېچىش زىياپىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى باي ئاقسۆڭەك ئائىلىلەر، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاخىرىدا پۈتۈن ئېسىلزادە خېنىملارنى بىر ـ بىرلەپ ئاقتۇرماي بولمىدى. نۆۋەت بەنى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ خېنىملىرىدىن بىرەيلەنگە كەلگەندە:

ـ مېنى ئاختۇرۇشقا ھوقۇقۇڭلار يەتمەيدۇ! ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشى بىلەن غولغۇلا چىقتى. باشقا ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئېتىراز قىلىپ:

ـ باشقا ئاياللار قانداق تەكشۈرۈلگەن بولسا، سىزمۇ شۇنداق تەكشۈرۈلىشىڭىز كېرەك. ـ دېيىشتى.



ئۇ ئايال پۈتۈن ئېتىرازلارغا قارشى تۇرۇپ ئاختۇرۇشقا قەتئىي يول قويمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇغرىلىغان ئۈنچە-مارجانلارنى قوينىدىن چىقىرىپ يەرگە ئاتتى-دە، ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بۇ ۋەقە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇغرىلىق قىلغان بۇ ئايالنىڭ دەرھال جازالىنىشى ئۈچۈن ئەمىر قىلدى. بۇ ئەمىر بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. چۈنكى جازالىنىدىغان ئايال ئادەتتىكى بىر ئايال ئەمەس، بەلكى بۇ قەبىلىنىڭ نۇپۇزلۇق ۋە ئېسىلزادە ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى.

بۇ ئىشقا بىرەر چارە تېپىش ئۈچۈن بەنى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى قەبىلە رەئىسىنىڭ ئۆيىدە جەم بولۇپ، بىئارام بولغان ھالدا ساقلاۋاتاتتى. ھېچكىم ئېغىزىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمىدى. بۇ ئەسنادا

ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. كەلگەن كىشى بىر قۇرەيشلىك ئىدى. ئالدىراپ ئۆيگە كىردى، سالام بەرمەستىن:

- بۇ يۈز-ئابرويىمىزنى تۆكىدىغان بىر قارار. قانداقلا بولمىسۇن بىر چارە تېپىشىمىز كېرەك. - دېدى.

ئۇ يەردىكىلەردىن بىرى:

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ قارارىدىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىشنىڭ بىرەر چارىسى يوقمىدۇ؟ - دېدى.

يەنە بىرى:

- بۇ مۇمكىن ئەمەس... ئۇ توغرا دەپ بىلگەن ھەقىقەتنى ئورۇنلىماي قالمايدۇ. - دەپ سۆزگە ئارىلاشتى.

قۇرەيشلىك ئادەم ھاياجان بىلەن ئوتتۇرىغا ئېتىلدى:

- ھە! بىر چارە تاپتىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادىمى بار. ئۇ ئادەم زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەدۇر. بۇ يىگىتنى ۋاستە قىلىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتەيلى. ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ نوپۇزلۇق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى، ئوغرىلانغان مالنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى تۆلەپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى كەچۈرىۋېتىشنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆتۈنۈشنى تەلەپ قىلايلى.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ياغدەك ياقتى. ھەقىقەتەن، پەيغەمبىرىمىز ئۇسامەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بىر دېگىنىنى ئىككى قىلمايتتى. ئۇسامەنىڭ بۇ تەلىپىنى مۇتلەق قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئويلاشتى.

ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن ئۇسامەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر بايان قىلدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆتۈنۈشنى تەلەپ قىلدى.

كەلگەن كىشىلەر ئۇسامەنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئوسامە ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى رەت قىلالمىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەكلىپكە قانداق جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلىماستىن دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ بوغۇق ئاۋازدا:

- ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىزمۇ بىلىسىز، بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال ئوغرىلىق قىلغانىكەن، سىز بۇ ئايالنىڭ جازالىنىشى ئۈچۈن ئەمىر قىلىپسىز. قەبىلىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى ماڭا كېلىشتى ۋە بۇ جازانىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۈچۈن سىزدىن ئۆتۈنۈشۈمنى تەلەپ قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە لازىم بولسا قوللىرىدىن كېلىشچە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. - دېدى.

ئۇسامە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئەي ئۇسامە، مەن سىنىڭ يۈز-خاتىرەڭ ئۈچۈن بۇ قېتىملىق كەچۈردۈم» دېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئىشلار ئۈمىد قىلغىنىدەك بولمىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ:

- ئەي ئۇسامە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ قويغان قانۇنىنى ئىجرا قىلماسلىق ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ قىزىم پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئىككىلەنمەي ئۇنى جازالىغان بولاتتىم. - دېدى.

ئۇسامە خىجىل بولغىنىدىن بىر نەرسە دېيەلمىدى. يەر يېرىلسا ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئورنىدىن تۇرۇپ لام-جىم دېمەستىن ئۆزىنى ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بەنى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قارارىنى ئۇلارغا بىلدۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق بىر ئىش ئۈچۈن قەتئى ئالدىغا كەلمەسلىكنى ئېيتتى.

# جابىرنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت

دېرىزە پەردىلىرىنىڭ لەپىلدىشى ۋە دېرىزىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىپ-يېپىلىشىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز بىلەن بىرلىكتە سىرتتا: «ئەي جامائەت! مەككە مۇشرىكلىرى مەدىنە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى، بۇنىڭغا قارشى شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولاپ شەھەرنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلماقچى بولدۇق. پەيغەمبىرىمىز شەھەردىكى چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش پۈتۈن ئەركەكلەرنى خەندەك كولاشقا چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەن جاكا ياڭراۋاتاتتى.

جارچىنىڭ بۇ جاكاسى جابىرنىڭ مەيدىسىگە مۇشت ئۇرغاندەك بولدى. «يەنە بۇ ئىشمۇ؟» دېدى ئۆز-ئۆزىگە. «يىللاردىن بىرى مەككىلىك مۇشرىكلەردىن چەكمىگەن جاپا-مۇشەققەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت قالمىدى. ئۆيلىرىمىز، باغلىرىمىز ۋە مال-مۈلكىمىزنى مۇسادىر قىلدى. كۆپلىگەن ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولدى، بۇلار يەتمىگەندەك ئەمدى مەدىنىنىمۇ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردى.

چوڭقۇر ئۇھسىنىپ دېرىزىدىن سىرتقا بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. كوچىدىكى ئىنسانلارنىڭ قولىغا گۈرجەك-كەتمەن ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جابىرمۇ گۈرجىكىنى ئېلىپ ئۇلارغا يېتىشتى.

خەندەك كولاش ئاللىقاچان باشلانغان ئىدى. يۈزلەرچە ئىنسان قان تەر ئېچىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەندەك كولىسا، بەزىلىرى يەردىن چىققان توپىلارنى توشۇۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ توپا توشۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. جابىر پۈتۈن كۈچىنى قولىغا يىغىپ، گۈرجىكى بىلەن خەندەك كولاشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. جابىرنىڭ ئىشلىگۈدەك كۈچ-قۇۋۋىتى قالمىدى. نەچچە كۈندىن بىرى ئاچلىقنى ئۇششاق نان پارچىلىرى بىلەن



بىسقتۇرۇشقا تىرىشتى. ئاچلىقتىن ئۇچەيلىرى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن ئۆيگە بېرىپ بىر نەرسە يېيىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىماقچى بولدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزى ئاچلىق دەستىدىن سارغىيىپ تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. يەنە شۇنداق بولسىمۇ ئاچلىقنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ئىشلەۋاتاتتى.

جابىرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. ھېچكىمگە بىر نەرسە دېمەستىن ئىتتىك ئۆيگە قاراپ ماڭدى . ئايالىغا:

- ئانىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاچلىقتىكى ھالىنى كۆرۈپ بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئۆيىمىزدە ئۇنى مېھمان قىلىپ كۈتىۋالغىدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئايالى:

- ئازغىنە ئارپا بىلەن بىر ئوغلىقىمىز بار. - دېدى.
جابىرنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ ئىچى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.
- ھە، ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن ئوغلاقنى بوغۇزلاپ، تونۇر كاۋىپى قىلاي. سەن ئارپىنى سوقۇپ ئۇن قىلىپ نان ياققىن. مېزىلىك بىر تاماق قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنى چاقىرايلى. - دېدى.
جابىر قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە ئوغلاقنى سويۇپ تونۇرغا قويدى. ئايالى خېمىرنى يۇغۇرۇپ نان يېقىشقا تەييار ھالغا كەلتۈردى. جابىر ئۇدۇللا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا چاپتى. ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ تۆۋەن بىر ئاۋازدا:
- ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سىزگە ئاتاپ تاماق تەييارلىغان ئىدۇق. بىر قانچە كىشى بىلەن ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز. - دېدى.
- نېمە تاماق تەييارلىدىڭ ئەي جابىر؟
جابىر تەييارلىغان تاماقنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
- ھەم كۆپ ھەمدە مېزىلىك تاماق ھازىرلاپسەن. سەن ھازىرلا ئۆيگە بېرىپ ئايالىڭغا ئېيتقىن. ئۇ مەن كەلگۈچە گۆشنى تونۇردىن چىقارمىسۇن. - دېدى.
ئاندىن خەندەك كولاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:
- ئەي جامائەت، جابىر قېرىندىشىمىز بىزنى ئۆيىگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. - دېدى.
دەل بۇ ۋاقىتتا جابىرنىڭ پېشانىسىدىن چىققان تەر ئېقىپ ساقىلىنى ھۆل قىلغىلى تۇردى. تىلى تۇتۇلۇپ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. يۈزلەرچە ئىنسان ئىشنى تاشلاپ جابىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. جابىر «ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇنچىۋالا كۆپ كىشى ئۈچۈن بىزنىڭ تەييارلىقىمىز يوق» دېيىش پۇرسىتىنى تاپالماستىن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
ئۆيىگە كېلىپ، ئايالىغا:
- تۈگەشتۇق! پەيغەمبىرىمىز خەندەك جامائىتى بىلەن بىزگە قاراپ

كېلىۋاتىدۇ. ئۇنچىۋالا كۆپ كىشىنى قانداقمۇ تويغۇزارمىز؟ ــ دېدى.
جابىرنىڭ ئايالى ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ يولدىشىدىن:
ــ ئۇنداق كۆپ ئىنسانىنى تاماققا سەن چاقىردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
جابىر:
ــ ياق، پەيغەمبىرىمىز چاقىردى. ــ دېدى.
ئايالى:
ــ بىزنىڭ قانچىلىك تاماق تەييار قىلغانلىقىمىزنى پەيغەمبىرىمىز بىلەمدۇ؟
ــ شۇنداق، بىلىدۇ.
ــ ئۇنداقتا ئەندىشە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.
بۇ جاۋاپ جابىرنىڭ ئەندىشىسىنى بىر ئاز يېنىكلەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبىرىمىز بىر قانچە كۈندىن بېرى ئىسسىق تاماق يېمىگەن مىڭغا يېقىن كىشى بىلەن جابىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىز تاماقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. كېيىن جابىرنىڭ ئايالىغا:
ــ سەن نانىنى تونۇرغا يېقىشقا باشلا ۋە تونۇردىكى قىزىرىپ پىشقان ئوغلاقنى ئالدىمغا قويغىن. ــ دېدى.
ساھابىلەر نۆۋەت بىلەن كەلدى. جابىرنىڭ ئايالى پىشقان نانلارنى بىر-بىرلەپ پەيغەمبىرىمىزگە سۇنۇپ بەردى، پەيغەمبىرىمىز نانلارنىڭ ئارىسىغا بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ ساھابىلەرگە بىر-بىرىدىن ئۇزىتىپ بەردى.
زىياپەت داۋاملاشتى. ھەممەيلەن قورسىقىنى تويغۇزدى. بىراق نان ۋە گۆش ئازلاپ قالمىدى. ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا تۇردى. جابىر ھەيرانلىق ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنى كۆزەتتى. بۇ پەۋقۇلئادە ھادىسە ئۇنى شادلىققا چۆمدۈردى.
زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز جابىرنىڭ ئايالىغا:
ــ قالغىنىنى سىلەر يەڭلار. يەنە ئېشىپ قالسا قوشنىلارغا بېرىڭلار.
ــ دېدى.

# ئۆزىنىڭ يېنىدا بولمىسىمۇ

ئابدۇللاھ ئىش تېپىش ئۈمىدى بىلەن مەدىنىدە بارمىغان بازار، كىرمىگەن كوچا قالمىدى. ھەركۈنىدىكىدەك بۈگۈنمۇ يەنە ئىش تاپالماي قۇرۇق قول قايتتى. ئۆيگە قايتقاندا بولسا كۆپ يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ ئاستاغىنا ئولتۇرۇۋالدى. كۆزلىرىنى چوڭ ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرغان ئايالىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ، بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ ياتقان باللىرىغا قارىدى. ئايالى بىرەر ياخشى خەۋەر ئاڭلاش ئۈمىدى بىلەن:

- بىر ئىش تاپالىدىڭىزمۇ؟ - دېدى.

ئابدۇللاھ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى بۇراشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ:

- باللار يەنە ئاچ ياتتىمۇ؟ - دېدى.

- تۈنۈگۈن قوشنىمىز كىرگۈزگەن بىر پىيالە سۈتنى ئۈچەيلەنگە بۆلۈپ بەردىم. ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە يېمىدى. خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئاچلىقتىن يىغلاپ قاخشىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. سىزچۇ؟ بىر ئىش تاپالىدىڭىزمۇ؟

- ياق، تاپالمىدىم. ئۆيىمىزدە بار يوق ھەممە نەرسىنى سېتىپ تۈگەتتۇق. ئەمدى ساتقۇدەك بىر نەرسىمىزمۇ قالمىدى. بۈگۈن بازاردا ئوتۇن سېتىۋاتقانلارنى كۆردۈم. كاشكى مېنىڭمۇ بىر پالتام بولسا، ئورمانلىققا بېرىپ ئوتۇن كېسەتتىم ۋە كەسكەن ئوتۇنلارنى سېتىپ سىلەرگە يەيدىغان نەرسىلەر ئالغان بولاتتىم. - دېدى.

بۇلارنى ئاڭلىغان ئايالى چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، دېرىزىنىڭ يېنىغا سىلىغلىق كونا بورىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيدە يەيدىغان ھېچ نەرسە قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قويۇپ باللىرىنى ئويلاۋاتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئاچلىق ئازابى چېكىشكە چىدىيالمايۋاتاتتى. ئەمما سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇللاھ يەنە كۈن چىقىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىش ئىزدەشنى نىيەت قىلدى. ئەمما ئاچلىق ئۇنى ئۇ قەدەر ھالسىز ۋە دەرمانسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىكى، ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى. ياتقان يېرىدە تەكرار يەنە ياتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ مۈگدەك بېسىشقا باشلىغان بىر ۋاقىتتا، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر جاكارچىنىڭ: «ئەي خالايىق! پەيغەمبىرىمىز ئۆيدە موھتاج ئىنسانلارنى ساقلاۋاتىدۇ، ياردەمگە ئېھتىياجى بولغان كىشلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسۇن. نېمىنى خالىسا شۇنى ئالسۇن. ھېچكىم مەھرۇم قالمىسۇن!» دەپ جاكارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئابدۇللاھ بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى. ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئوڭمۇ ياكى چۈشمۇ؟ قانائەت تېپىش ئۈچۈن دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئاڭلىغىنى باشتا ئاڭلىغىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنداق، بۇ بىر چۈش ئەمەس بەلكى بىر ئەمەلىيەت ئىدى. ئابدۇللاھ گويا يېڭىدىن جانلاندى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئوڭ-سولغا قارىماستىن، گاھ يىقىلىپ، گاھ تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. تەر ئىچىدە يېتىپ كېلىپ:



- ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ياردەم بويۇملىرى تارقىتىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم. - دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قول ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى تارقىتىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان يوقسۇل ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلەشكەندەك تىزلا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ياردەم بويۇملىرىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگەچكە ئابدۇللاھقا بېرىدىغانغا ھېچنەرسە قالمىغان ئىدى.

ئابدۇللاھنىڭمۇ ئەنسىرىگىنى كېچىكىپ قېلىپ بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەي قېلىش ئىدى. ئابدۇللاھ ئەمدى نېمە قىلار؟ كاشكى بىرئاز بۇرۇن كەلگەن بولسا، كاشكى ئۆيى بىرئاز يېقىن بولغان بولسا، كاشكى...كاشكى...خىجىل بولمىسا ھازىرلا بۇقۇلداپ

يىغلايتتى. پۈتۈن دەرت-ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىندى:

- كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! سەن ئېھتىياجىڭ بولغان نەرسىلەرنى ئالىسەن.

ئابدۇللاھ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. بۇ پەيغەمبىرىمىز ئىدى. ھاياجان بىلەن:

- قانداقسىگە؟ - دەپ سورىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- سەن ھازىر ئۇدۇل بازارغا بارغىن. نېمىگە ئېھتىياجلىق بولساڭ ئۇنى ئالغىن ۋە مال ساتقۇچىلارغا: «مەن ئالغان مالنىڭ پۇلىنى ئاللاھ ئەلچىسى بېرىدۇ دېگىن» دېدى.

ئابدۇللاھ قاتتىق ھەيران بولدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قولىدا بولمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى دەپ قەرزدار بولۇۋاتقان ئىدى. مېھرى-شەپقەت بىلەن قىلىنغان بۇ گۈزەل مۇئامىلە ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. پەيغەمبىرىمىزگە قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، خۇشال-خۇرام ھالدا بازارغا قاراپ ماڭدى. ھازىر بىر قولىدا ئائىلىسىگە يەتكۈدەك مىقداردا يېمەكلىك، يەنە بىر قولىدا تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئالغان بىر پالتا بىلەن ئۆيىگە قايتىۋاتقان ئىدى.

# ئۆلارنى قايتىدىن كۆلدۈر

ھەر قانداق ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرىغا (ساھابىلەرگە) ھەۋەس قىلماي تۇرالمايتتى. چۈنكى ساھابىلەر ھەر زامان ئۇ مۇبارەك ئىنساننىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ قىممەتلىك سۆزلىرىنى تىڭشىغاچ ۋە خۇش-پۇراق ھىدىنى پۇرىغاچ بەخت-سائادەتكە تولغان مەنىۋى بىر ھايات ياشاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئۇ يەردە بولۇشنى خىيال قىلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ يەردە بولغان بولسا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ ئايدەك چېھرىسىگە قانغۇچە قارىۋالغان بولاتتى.

يەمەنلىك ئادەمنىڭ قەلبى پەيغەمبەر ھەسرىتى بىلەن تولدى. ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسىنى بېقىش يۈكىنى ئۈستىگە ئالمىغان بولسا ئاللىقاچان مەدىنىگە كەتكەن بولاتتى. پەقەت يەنىلا ئۆزىنى تۇتالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى پەيغەمبەرگە بولغان ھەسرەت ئوتى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىۋاتاتتى. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇ ئاخشامدا ئۇزۇن ئويلاندى. ئاخىرىدا ئاتا-ئانىسى رۇخسەت بەرمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆز-ياشلىرىغا قارىماستىن تاشلاپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كېچىدە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ چۆل-چەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ھاياجاندا قەلبى توختاپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. ھېچ كۈتمەستىن ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. يىللارچە ھەسرىتىنى چەككەن پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي



بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. پاك ھىسياتقا تولغان قەلبى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن كېيىن:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن يەمەندىن بۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ، سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا كەلدىم. ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز تەبەسسۇم بىلەن:

ـ سېنىڭ يەمەندە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق، ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئانام بىلەن دادام بار.

ـ بۇيەرگە كېلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن رۇخسەت ئالدىڭمۇ؟

يەمەنلىك بىردىنلا توختاپ قالدى. بۇنداق بىر سوئالنى كۈتمىگەن ئىدى. تۆۋەن ئاۋازدا:



ـ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامدىن رۇخسەت ئالمىدىم. ھەتتا ئۇلاردىن ئايرىلغاندا ئۇلارنى كۆز ـ ياشلىرى ئىچىدە تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى قەلبىم سىزنىڭ ھەسرىتىڭىز بىلەن تولۇپ تاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇ ھالدا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ـ دېدى.

ھەرۋاقىت ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇلارغا قاراپ «ئوھوي» دېيىشكىمۇ كۆڭلى رازى بولمايدىغان پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

ـ ئۇنداق بولسا ۋاقتىڭنى زايە قىلماستىن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتقىن. ئۇلارغا ياخشى قارىغىن. ئۇلارنى قانداق يىغلاتقان بولساڭ

شۇنداق كۆلدۈرگىن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالغىن. بىلگىنكى، پەقەت ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەنلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسەن.- دېدى.

يەمەنلىك ئادەم خاتاسىنى تونۇپ يەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇش كېرەك ئەمەسلىكىنى، بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا پەيغەمبەرنىڭ رىزاسى ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال يەمەنگە قايتتى. يەمەنلىك ئەمدى ئاتا- ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى قىلىپ، ئۇلارنى مەمنۇن قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى.

# تەلەيلىك بالا

ئابدۇراخمان قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغاندى. قورقۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۈستىدىكى باراڭنىڭ شوينىسىغا تىكتى. قورقۇنچىسىنى بېسىش ئۈچۈن بىردەم جىم تۇرۇۋالدى. تۈگۈلۈپ ياتقان يېرىدىن ئاستا پۇتىنى ئۇزارتىپ ياتتى. ئەتىگەنكى قاتتىق سوغۇق ئۇنى خېلىلا ئۈششۈتكەن ئىدى. باراڭنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىغا قوللىرىنى ئۇزاتتى... قولىنى ئىسسىق نەپەسى بىلەن پۈۋلەپ ئىسسىتىشقا ئۇرۇندى.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن سىرتتا كۆتۈرۈلگەن بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئابدۇراخماننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ كونا، يىرتىق كيىمى بىلەن ئىزا تارتقاندەك قىلىپ سىرتقا چىقتى. كوچا تەنتۈشلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى كيىملەر كېيىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگرەپ ئويناۋاتقانىدى. ھەممەيلەننىڭ يۈزىدە بىر شاد - خۇراملىق بار ئىدى. ئابدۇراخمان ئىچىدە «ھە بۈگۈن ھېيت» دېدى. كېيىن ئۈستى - بېشىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. سوغۇقتىن ئۈششۈپ كەتكەن مەڭزىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. دادىسى شېھىد بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى ھېيتنى ۋە دادىسى ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئالغان كيىمنى ئېسىگە ئالدى. بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يىقىلىپ چۈشۈپ تىزى يارىلانغان ئىدى. ئانىسى شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن يارىسىنى تېڭىپ قويىدى. ئۇ يېرىم قالغان



مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يارىسىنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىنودەك نامايەن بولۇپ ئۆتتى. ئەمدىلىكتە بولسا يالغۇز ۋە بىچارە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىمۇ يوق ئىدى. ئابدۇراخماننىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى ئېغىرلىق باستى. ئىچ-ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. تۇساتتىن:

- بالام! سەن نېمىشقا دوستلىرىڭ بىلەن ئوينىمايسەن؟ ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈڭ يېرىم؟

ئابدۇراخمان يېقىملىق ۋە شەپقەتكە تولغان بۇ سۆزلەرنى قىلغان كىشىگە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قارىدى. تۇۋا خۇدايىم! بۇ كىشى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، خىزمىتىنى



قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئابدۇراخمان نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. گەپ ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى. ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ قاتتىق قايغۇرۇشى شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ: «بالام نېمىشقا يىغلايسەن؟ بىرەر قىيىنچىلىقىڭ ياكى دەردىڭ بارمۇ؟» دېگەن سوئاللىرىغا ئابدۇراخمان ئاران تەستە جاۋاپ بېرىپ:

- مېنىڭ دادام ئۇرۇشتا شېھىد بولدى. ئانام مېنى باقالماي باشقىسى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مېنىڭ باشقا باللارنىڭكىدەك يېڭى كىيىمىم يوق. - دېدى.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئابدۇراخماننىڭ قولىدىن تۇتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن:

ـ ئوغلۇم! بۇنىڭدىن كېيىن ئائىشەنىڭ ئانا بولۇشىنى، پاتىمەنىڭ ئاچا، مېنىڭ دادا بولۇشۇمنى خالامسەن؟ ـ دېدى.

بۇنداق خوش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان خۇشاللىقىدىن ئۇچۇپ كېتەيلا دەپ قالدى. چۈنكى پۈتۈن باللار بىر ئاز بولسىمۇ ھەمسۆھبەتتە بولۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەر زامان بىرلىكتە بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئابدۇراخمان ھاياجان ئىچىدە بىر ئاز خىجىل بولغان ھالدا:

ـ قانداقسىگە قۇشۇلمايمەن، ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ـ دېدى.

كۆپ ئۆتمەستىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن پاك ـ پاكىز كېيىنگەن بىر بالا چىقتى. چىرايىدىن شادلىق يېغىپ تۇراتتى. باللارغا يېڭى كىيىملىرىنى كۆرسەتتى. چاچلىرى تارالغان، كۆز ياشلىرى تىنغان، چىرايلىق كېيىنگەن بۇ بالا ئابدۇراخمان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا زوقلىنىپ قارىغانلارغا ئابدۇراخمان: «بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئانام ھەزرىتى ئائىشە، ئاچام ھەزرىتى پاتىمەدۇر. مەن ئەمدى يېتىم ئەمەس. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش يۈگرەپ ئوينايمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان باللار: «ئابدۇراخمان نېمەدېگەن تەلەيلىك بالا ـ ھە! كاشكى ئۇنىڭ ئورنىدا بىز بولغان بولساق!» دەپ، ئابدۇراخماننى تەبرىكلىدى.

# ساھابىلىرىم ئانچە كېسەل بولمايدۇ

مەشھۇر تېۋىپ مەدىنىگە كەلگەن تۇنجى كۈنى ناھايىتى ھاياجانلاندى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس تەرىپىدىن ناتونۇش بىر شەھەرگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ داۋالايتتى. ۋەزىپىسنى ئوڭۇشلۇق تاماملىسا، كىم بىلىدۇ پادىشاھ ئۇنى قانداق مۇكاپاتلاندۇراتتى.

تېۋىپ مەدىنىگە كېلىپ، بىرىنچى بولۇپ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

- ھەزرەتلىرى! پادىشاھىمىز مېنى سىلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇيەردە كېسەل كۆرۈپ ھەقسىز داۋالايمەن. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز تېۋىپقا ئىلتىپات قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم بىر تۇرالغۇ ۋە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ تەييار قىلىنىشى ئۈچۈن ساھابىلەرنى بۇيرىدى.

تېۋىپنىڭ كەيپى خۇش ئىدى. مەدىنىدە ئۆزىگە ئوخشاش بىر تېۋىپنىڭ يبولماسلىقى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغان ئىدى. ئەگەر مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار تېۋىپنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىسا كېسەللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ كېلىدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭراق بىر تۇرالغۇ تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۆيىنى كېسەل كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى ئىدى.



ھەممە تەييارلىق پۈتتى. تېۋىپ كېسەللەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. لېكىن تۇنجى كۈنى كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن ھېچكىم كەلمىدى. ئىككىنچى كۈنىمۇ ئىشكىنى قاققان كىشى بولمىدى. ئەتىسىمۇ يەنە ئوخشاش... ئارىدىن دەل بىر ئاي ئۆتتى. يەنە ھېچكىم كەلمىدى. بۇ ئىشتا بىر سىر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل كۆرستىش ۋە داۋالاش ھەقسىز. بۇ شەھەردىكى خەلقنىڭ تېۋىپقا ئېھتىياجى يوقمۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ يەردىكىلەر كېسەل بولسا كېسىلىنىڭ داۋاسىنى ئۆزى قىلامدۇ؟

تېۋىپ ئوي-خىيالغا پېتىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھېچقاچان بۇنداق پايدىسىز ۋە يارامسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. لېكىن ئۆز يۇرتى مىسىردا كۈندە ئاز دېگەندە ئون،



ئون بەش كىشىنىڭ كېسىلىنى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپنىڭ ئالاھىدە قەدىر-قىممىتى بار ئىدى. ئەجەبا بۇيەردە تېۋىپ كېسەلنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىرەر كىشى بولسىمۇ كېلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىمايدىغاندۇ؟ تېۋىپ ساقلاپ ئولتۇرماستىن سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. مەدىنىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان ۋە نالە قىلىۋاتقانلار بارمۇ دەپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشقا تىرىشتى. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرگە: «مەن تېۋىپ. ئاراڭلاردا كېسەل بولغانلار بولسا، ئۇلارنى ھەقسىز داۋالاشقا كەلدىم» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغان بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا مەن

كېسەل دەپ ئالدىغا كەلمىدى. يۈزلىرى كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بۇ ئىنسانلار ئۇنىڭغا سالام قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى.

تېۋىپنىڭ قىزىقىشى كۈچەيدى. ئىنسانلار توپلىشىپ ياشاۋاتقان بىر جەمئىيەتتە قانداقمۇ تېۋىپقا ئېھتىياج بولمىسۇن؟! بۇنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بولسا كېرەك.

تېۋىپ قايتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەيرانلىققا تولغان بىر ئىپادە بىلەن:

ـ ھەزرەتلىرى! مەن بۇ يەرگە سىلەرگە خىزمەت قىلىشقا ۋە دەرتلىرىڭىزگە دەرمان بولۇشقا كەلگەنىدىم. ئەمما بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ بۇگۈنگىچە ھېچكىم كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بۇيەردە تۇرۇشۇمنىڭ بىر ئەھمىيىتى قالمىدى. رۇخسەت قىلسىڭىز يۇرتۇمغا قايتسام. يەنە بىر گەپ سىزنىڭ ساھابىلىرىڭىز پەقەت كېسەل بولمامدۇ؟

تېۋىپنىڭ ھەيران قاراشلىرىغا پەيغەمبىرىمىز تاتلىق بىر تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ ساھابىلىرىم ئانچە كېسەل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار قورسىقى ئاچمىسا بىر نەرسە يېمەيدۇ. داستىخاندا ئولتۇرغاندا قورسىقىنى پۈتۈنلەي تويغۇزماستىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

تېۋىپ بۇنى ئاڭلاپ مەستخۇش بولدى. پۈتۈن كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى بۇ ئىدى. ئەمدى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نېمىشقا كېسەل بولمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندى.

# بىر نالە-پەرياد كۆتۈرۈلدى

ئىبراھىم دوستىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «ماقۇل، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش چىن قەلبىم بىلەن ئاللاھقا ئىشەندىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم» دېدى.

ئىبراھىم كۆڭلىنى بىئارام قىلغان ۋەسۋەسە ۋە قالايمىقان ئوي-پىكىرلەردىن تامامەن قۇتۇلدى. ئۇ قۇشتەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا يۈرىكى «مەدىنە» دەپ سوقۇشقا باشلىدى. قاناتلىنىپ مەدىنىگە ئۇچۇپ بارغۇسى كەلدى. بىردىنبىر ئارزۇسى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى جان-دىلى بىلەن ئاڭلاش ئىدى...

ئۇ تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتمەستىنلا تۆگىسىگە مىنىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. چەكسىز كەتكەن دېڭىز-ئوكيانىنى ئەسلىتىدىغان بۇ بىپايان چۆلدە ۋە جىمجىت ئاينىڭ يورۇقىدا گاھ يىقىلىپ، گاھ تۇرۇپ ئىلگىرلىدى. چۆلنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىگە قەدەر ئۆتكەن بولسىمۇ قەلبىدىكى ھەسرەت ئوتى ئۇنى ئىسسىتىۋاتقان ئىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. لېكىن يول ئاخىرلىشاي دېمىدى. «مەدىنە بۇ قەدەر ئۇزاقلىقتىمۇ؟» دەپ ئويلاندى. ھالبۇكى، بۇ يولنى نەچچە قېتىم باسقان ئىدى. تۆگىسىنى بىر ئاز تىزلەتتى. مەدىنىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈش بىلەن، كۆزلىرى نۇرلىنىشقا باشلىدى. ھاياجان ئىچىدە شەھەرگە كىردى.

ئۇ كۈنى جۈمە ئىدى. ئىبراھىم تار كوچىلاردىن تىزلا ئۆتتى. پەيغەمبىرىمىزنى تىزرەك تېپىشنىڭ كويىدا ئىدى. كوچىمۇ-كوچا

ئارىلاپ يۈردى. ئەمما پەيغەمبىرىمىزنى تېخىچە تاپالماي چارىسىز قالدى. يولنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر قۇرام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ: «باشقىلاردىن سورىمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاندى. دەل ئۇ ئەسنادا ئۇنىڭ مۆرىسىگە بىر قول تەگكەندەك بولدى. ئۇ ئالاقزادىلىك بىلەن ئارقىسىغا قارىدى. ئۇزۇن بويلۇق، نۇر يۈزلۈك ياشانغان بىر بوۋاينى كۆردى. بوۋاي ئىبراھىمگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

- بالام، سەن ھەر ھالدا ياقا-يۇرتلۇقمۇ سەن؟

- شۇنداق، مەن بۇ يەرگە مۇساپىر، شەھەرگە تېخى يېڭىلا كەلدىم.

- بىر ئىش ئىزدەپ كەلدىڭمۇ؟

- ياق، ئۇنداق ئەمەس. پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگىلى كەلگەنىدىم، ئەمما ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن.

- سەن ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باققانمۇ؟

- ياق، كۆرمىگەن. مەن تېخى يېڭىلا مۇسۇلمان بولدۇم.

- ھە، نېمە دېگەن ياخشى! ئاللاھ مۇبارەك قىلسۇن. تەلەيلىك ئىكەنسەن. مەنمۇ جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ باراتتىم، بىر بىرلىكتە بارايلى. - دېدى.

ئىبراھىم بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شادلىققا چۆمدى.

ئۇ مۇبارەك ساھابىگە: «سىنى ماڭا ئاللاھ ئۇچراتتى» دېدى ۋە ئۇدۇل مەسجىدكە قاراپ كېتىشتى.

مەسجىد لىق تولغان ئىدى. ئاخىرىدىكى سەپتىن بىر يەر تېپىپ ئولتۇرۇشتى. ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرى پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەۋاتقانىدى. ئەجىبا ئۇ قەيەردىدۇ؟ كۆپ ئۆتمەستىن ھەزرىتى بىلال ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى. ئەزاندىن كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز خورما كۆتىكىنىڭ يېنىدىكى مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇدى.

ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن توختاپ قالايلا دېدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن خۇتبىنى تىڭشىدى. پەيغەمبىرىمىز ئالدىرىماي ئېنىق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئىنسانغا ئارام-بەخش ئاتا قىلاتتى. ئىبراھىم خۇشاللىقىدىن يىغلىۋېتەي دەپلا قالدى. ئەمما ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرى ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئىنساننىڭ يۈرىكىنى پارچىلايدىغان بۇ يىغا-زارە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز خۇتبىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. جامائەت گاڭگىراپ قالغانىدى. ئەجىبا كىم بۇ؟ نالە-زار داۋاملاشتى. جامائەت ئاخىرى نالە-پەرياد قىلىۋاتقان كىشىنى تاپتى. ئەمما بۇ ئىنسان ئەمەستى، بەلكى بىر خورما كۆتىكىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرغان بۇ خورما كۆتىكى گويا ئاشىقىدىن ئايرىلغان مەشۇقتەك ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇنبەردىن چۈشتى. ھەيرانلىقتا قالغان جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ خورما كۆتىكىنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سىلاپ تەسەللىي قىلدى. ئاخىرىدا خورما كۆتىكىنىڭ نالە-زار قىلىشلىرى ئاستا-ئاستا پەسىيىپ بىرئازدىن كېيىن پۈتۈنلەي توختىدى.

خورما كۆتىكىنىڭ نالىسى توختىغانىدى. بۇ ھادىسىگە شاھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلاقتەك ياشلار ئاقتى. ئىبراھىممۇ يىغلاپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر جوشقۇن روھ ۋە مۇھەببەت ئىقلىمىدا ئوقۇغان تۇنجى قېتىملىق بۇ نامىزى بىر مۆجىزە بىلەن تاجلانغان ئىدى. ناماز ئاخىرلاشقاندا ھادىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا داۋاملاشتى. ئۆزىنى بۇيەرگە باشلاپ ئېلىپ كەلگەن مويسىپىت ساھابىدىن قىزىقىش ئىچىدە:

- بۇيەردە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ بىر پارچە كۆتەك نېمە سەۋەپتىن

يىغلايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

مويسىپىت ساھابە:

ـ بالام! بۇ يەردە بۇرۇن مۇنبەر يوق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خورما كۆتىكىگە تايىنىپ خۇتبە ئوقۇيتتى. لېكىن ساھابىلەر كۆپەيگەنسىرى ئارقا سەپلەردىن پەيغەمبىرىمىزنى كۆرەلمەس بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەيغەمبىرىمىز خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا جامائەتنىڭ ھەممىسى ئېنىق كۆرسۇن دەپ، ئۈچ پەشتاقلىق بىر مۇنبەرنىڭ ياسىلىشىنى تەكلىپ قىلدۇق. پەيغەمبىرىمىز ماقۇل كۆردى. بۈگۈن تۇنجى قېتىم بۇ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇدى. ھەرھالدا خورما كۆتىكى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ھە قاچان بۇ ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

يۈز بەرگەن ئىشلار ئالدىدا ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىمۇ خورما كۆتىكىنىڭ ھالىدىن قېلىشمىدى. ئۇ «جانسىز دېيىلگەن بىر ياغاچ (ئوتۇن) پارچىسىمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا نالە ـ زار قىلىۋاتىدۇ...» دەپ پىچىرلىدى.

ناماز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ساھابىلەر يەنىلا مەسجىدتە ئىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ پەيغەمبىرىمىزگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى. ئىبراھىمنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆزىدىن قاچمىغان ئىدى. يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ سىرىنى ۋە ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ خورما كۆتىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىشىنىڭ بىر مەنىسى بارمۇ؟ ساھابىلەرمۇ ئەينى ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە ئىدى. بۇنى سەزگەن پەيغەمبىرىمىز تەبەسسۇم بىلەن ساھابىلەرگە قاراپ: «ئەگەر بۇ خورما كۆتىكىگە تەسەللى بەرمىگەن بولسام، تاكى قىيامەتكىچە نالە ـ زار قىلغان بولاتتى» دېدى.

# مېنى قۇتقۇزۇڭلار

ئۇلار ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئىدىلەر...

چىرايلىق بىر باغ، كىچىككىنە قوتاننى تولدۇرغۇدەك قويلىرى ۋە ئىككى يىل بۇرۇن سېتىۋالغان بىر چىشى تۆگىسى بار ئىدى. ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى بۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تۇرمۇشىنى بۇ كۈچلۈك تۆگىسىگە تايىنىپ كەچۈرەتتى. تۆگىسى ئېغىر يۈكلەرنى قىينالماي راھەت توشۇيتتى. بىپايان چۆللەردە نەچچە كېچە ـ كۈندۈز سۇسىز يولنى داۋام قىلالايتتى. ھەتتا ئىگىسىگە بىر قانچە بوتىلاق تۇغۇپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا تېخى سۈتمۇ بېرىدىغان بۇ تۆگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىن ـ بىر تايانچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەنسېرى ئۇ كۈچلۈك تۆگىسىمۇ قېرىپ كۈچىدىن قېلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئەنسىرەتتى.

بىر كۈنى قاق چۈش ۋاقتى ئىدى. قىززىق كۈن نۇرى مەدىنە ئەتراپىنى قىزىتىپ تونۇردەك قىلىۋەتكەنىدى. تۇمۇزنىڭ بۇ پىژ ـ پىژ ئىسسىقىدا ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار مەي باغلاپ پىشىپ ساڭگىلاپ كەتكەن خورمىلارنى ھارماي ـ تالماي يىغىۋاتقانىدى. يىغىلغان خورمىلارنى كىچىك قېرىندىشى بىر تاغارغا قاچىلىغاندىن كېيىن تۆگىنىڭ چومىغا يۈكلىدى.

تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتۇق يۈك يۈكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىر كۈن بۇرۇن يەمى تولۇق بېرىلمىگەن تۆگە تاقەتسىز بىر شەكىلدە يەرگە چۆكۈۋالدى. ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ تۆگىنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى.

ئوتتۇرانچى قېرىندىشى: «بۇ بۇنداق بولمايدۇ!» دەپ قولىغا ئۈچى ئۈچلۇق بىر كالتەك ئالدى ۋە تۆگىگە سانجىپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشتى.



بۇ ئاغرىققا چىدىيالمىغان بىچارە تۆگە ھۆكىرەپ قوپتى، ئەمما تۇرۇشى بىلەن تەڭلا يەنە چۆكتى.

قېرى تۆگىنىڭ كۈچىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرگەن ئاكا ــ ئۇكىلار ئەمدى بۇ تۆگىدىن ئۆزلىرىگە پايدا ــ مەنپەئەت يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى:

ــ مېنىڭ ئويلىغىنىمنى سىلەرمۇ ئويلاۋاتقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەمدى بۇ تۆگە ئىشىمىزغا ئانچە ياراپ كەتمەيدۇ. تۆگىنى سويۇپ گۆشىنى سېتىشنىڭ ۋاقتى كەلدىغۇ دەيمەن. ــ دېدى.

ئەڭ كىچىك قېرىندىشى:

ــ ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ ئاكا، بۇ تۆگە قېرىدى. ئەمدى بىزگە بۇرۇنقىدەك پايدىسى تەگمەيدۇ. مەن ئۇستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ



تۆگىنى سويۇشقا تەييارلاي. ـ دېدى.

تۆگىنىڭ ئۇستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈش خېلىلا ۋاقىت ئالدى. خورما قاچىلانغان تاغارلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندا تۆگە بىردىنلا جانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى. نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالغان ئاكا ـ ئۇكىلار دەرھال ھوشىنى يىغىپ تۆگىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدى.

قېرى تۆگە ئەتراپنى چاڭ ـ توزاڭ قىلىپ چېپىپ كەتتى. ئاخىرىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىزگە يالۋۇرغان بىر قىياپەتتە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا سىغىنماقچى بولغاندەك ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. گويا ئۇنىڭغا «ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قۇتقۇزۇۋال!» دەۋاتقاندەك قىلدى.

بىر ئازدىن كېيىن تۆگىنى قوغلاۋاتقان ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى كۆرۈپلا:

ـ بۇ تۆگە سىلەرنىڭمۇ ؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق، ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. بۇ بىزنىڭ تۆگىمىز. ئۇنى ئېلىپ ماڭساق بولامدۇ؟

ـ ئەمما تۆگەڭلار سىلەردىن كۆپ شىكايەتچى.

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا جىددىيلىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، تۆگىمىز نېمە دەيدۇ؟ بىزنى نېمىشقا شىكايەت قىلىدىكەن؟ ـ دېيىشتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

ـ ئۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا چوڭ بوپتۇ. ئۇزۇن يىلدىن بۇيان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە مۇزايلاپتۇ. كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتىپ ماڭالمىسا سويۇشقا تەمشىلىپسىلەر... بۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى توغرىمۇ؟

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا قىزىرىنداشلار:

ـ شۇنداق ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ئەھۋال تامامەن ئېيتقىنىڭىزدەك. ـ دېيىشتى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز 100 كۈمۈش تۆلەپ تۆگىنى ئۇلاردىن سېتىۋالدى ۋە تۆگىگە بۇرۇلۇپ:

ـ ئەي تۆگە، ئەمدى كەتكىن. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سېنى ئەركىن قويۇپ بېرىمەن. ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. ـ دېدى.

# ھەر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئۈچۈن

ئۇلار ئىككى كىشى ئىدى... ياش يىگىت تەلھا دوستىنى يۆلەپ جان-جەھلى بىلەن تاغ باغرىدىن ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلدى.

غەيرەت قىل قاسىم! غەيرەت قىل، ئاز قالدى، يەنە بىر ئاز چىدىغىن! شۇ دۆڭدىن ئۆتسەكلا بىزنى ھېچكىم تاپالمايدۇ.

- سەن مېنى قويىۋەت! ئۆزەڭ يالغۇز قاچ! مېنىڭ قاچقۇدەك ماجالىم قالمىدى.

- ياق بولمايدۇ! يېرىم كېچىگىچە مەدىنىگە بېرىۋالساقلا بىزنى دۈشمەن تاپالمايدۇ.

تەلھا بىلەن قاسىم مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، تولۇنئاي نۇرى بىلەن شەھەرنى ئايدىڭلىتىپ يوپيورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى. تۈن كېچىدە كوچىلاردا بىرمۇ ئىنسان يوق ئىدى. كىمنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ۋە كىمدىن ياردەم سورايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاخىرى تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. تەلھا ئىككى تاش تامنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ تۇرغان ياغاچ ئىشىكنى ئاستاغىنا ئۇردى. ئۆيدىن ياشانغان بىر بوۋاينىڭ:

- كىم؟ - دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

- بىز، ئۆتۈنۈپ قالايلى ئىشىكنى ئاچسىلا!

ياشانغان بوۋاي ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپلا ئۈركىدى. كىم ئىكەنلىگىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ئىككى ياشنى دەرھال ئۆيگە باشلىدى. بىھوش ھالدىكى قاسىمنى سۇپىغا ياتقۇزۇپ بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ تېڭىپ قويدى. يول

هارغىنلىقىدىن ھالى قالمىغان مېھمانلارغا ئىككى تۆشەك ھازىرلاتتى ۋە ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى تەنھا قويۇپ چىقىپ كەتتى. تەلھا بىلەن قاسىم كۆپ ئۆتمەستىنلا قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

تەلھا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۈن ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى. دوستى قاسىم تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. تەلھا يان تەرەپكە ئۆرۈلدى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق-سوغۇق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا مەككىلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك قىيىن-قىستاق، ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە مەككىدىن يوشۇرۇنچە قاچقان كۈننى ئەسلەپ ئۆتتى. ھازىر بولسا بۇ يەردە تىنىچ ۋە خاتىرجەم بىر كۈنگە قەدەم باسقان ئىدى. ياشانغان بوۋاي قانداقسىگە تونۇمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئىشىنىپ ئۆيىگە كىرگۈزدى؟ ھالبۇكى، ئۆز يۇرتى بولغان مەككىدىكى ئىنسانلار دوستىغا ئەمەس، بەلكى دادىسىغىمۇ ئىشەنمەيتتى!

تەلھا بۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ياشانغان بوۋاي قولىدا ناشتىلىق قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە خۇش بىر ئىپادە بىلەن:

- باللىرىم! ياخشى ئۇخلىيالىدىڭلارمۇ؟ كېچىچە جۆيلۈپ چىقتىڭلار، قارىغاندا بېشىڭلاردىن خېلىلا ئېغىر كۈنلەر ئۆتكەندەك قىلىدۇ. - دېدى.

تەلھا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلدى. بىر ئاي بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن بۇتقا چوقۇنىدىغان مەككىلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنغانلىقىنى، ئاخىرىدا



ئۇلاردىن قاچقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ياشانغان بوۋاينىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ:

- ئەمدى قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق! بۇ يەر سىلەر ئۈچۈن بىخەتەر.

- دەپ تەسەللىي بەردى.

تەلھا بىلەن قاسىم ئۈچ كۈندىن بۇيان ھېچ تونۇمايدىغان بۇ بوۋاينىڭ ئۆيىدە ھۇزۇر ئىچىدە قالدى. ھەر تۈرلۈك ماددى ئېھتىياجلىرىنى ئۆي ئىگىسى قامدىدى. ئاخىرىدا ئايرىلىش ۋاقتىمۇ كەلدى. تەلھا:

- تاغا، سىز بىزگە بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز باللىرىغا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى مۇئامىلىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كۈتىۋالدىڭىز. بىزنى تونىماي تۇرۇپمۇ ياردەم قولىڭىزنى سۇندىڭىز. شەپقەت

قاناتلىرىڭىزنى ئاچتىڭىز. سىزگە ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇق. بىز مۇنداق قىزغىن مۇئامىلىنى باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان ئىنسانلاردا ئانچە كۆرمەيمىز. سىزگە بۇ ئەخلاقنى كىم ئۆگەتتى؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۆي ئىگىسى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ـ ماڭا بۇ گۈزەل ـ ئەخلاقنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆگەتتى. بىز مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ھېچ كىمگە ئىشەنمەيتتۇق. ئىنسانلارغا قارىتا مەرھەمەتسىز ئىدۇق. لېكىن پەرۋەردىگارىمىز گۈزەل ـ ئەخلاقنى تامامىلاش ئۈچۈن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئەۋەتتى. ئۇ بىزگە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆگەتتى. بۇنى ئاڭلاپ بىزنىڭ ئىنسانلارغا بولغان كۆز ـ قارىشىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ياخشىلىق ۋە ساۋاپلىق ئىشلارنى خالىس، تاماسىز قىلىشقا باشلىدۇق. مەن ھازىر مۇشۇ ياشتىمۇ ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتىن ھۇزۇرلۇق بىر ئىش بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ئۆي ئىگىسى ئاڭلاتقانسېرى تەلھا بىلەن قاسىمنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئەمدى ئۇلار دىنلىرىنى ئاللاھ ئەلچىسى ۋە ئاق كۆڭۈل مەدىنىلىك قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغانلىقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى بەختلىك ئىدى.

# مېنىڭ گۈزەل دىنىم 2-1

بۇ كىتابلار يارىتىلىشىمىزنىڭ غايىسى بولغان ئىبادەتلەرنى سىلەرنىڭ قەلب دۇنيايىڭلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ھازىرلاندى.




## مېنىڭ گۈزەل دىنىم 2-1

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:19.5x27.5

بەت سانى:240

# مېنىڭ گۈزەل دىنىم 4-3

بۇ كىتابتا ئىمان ئاساسلىرى چۈشىنىشلىك
ۋە ئىخچام بايان قىلىندى.





## مېنىڭ گۈزەل دىنىم 4-3

كىتابنىڭ چوڭلۇقى:19.5x27.5

بەت سانى:288

ياش- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ھېكايىلەر بىلەن

# 40 ھەدىس




ياش- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ھېكايىلەر بىلەن

## 40 ھەدىس

"رەھىم قىلغۇچىغا ئاللاھمۇ رەھىم قىلىدۇ.
سىلەر يەر يۈزىدىكىلەرگە مېھرى-شەپقەت
كۆرسەتسەڭلار، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە مېھرى-
شەپقەت كۆرسىتىدۇ."